«شاد-خۇرام سەبىيلەر» يۇرۇشلۇك كىتابلىرى

پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقى

# ھايۋانات دۇنياسى



شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com




«شاد-خۇرام سەبىيلەر» يۈرۈشلۈك كىتابلىرى

# ھايۋانات دۇنياسى

تۈزگۈچىلەر: خەمدە سەئىدئالىم
شاكىرجان زاكىر



شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى

## كىرىش سۆز

بالىلارغا ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى يەتكۈزۈش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق بۇرچى ۋە ئارزۇسى. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئېنىق، بىر ئادەمنىڭ كىچىك ۋاقتىدا توپلىغان بىلىمى كۆپرەك بولسا، ئۇنىڭ كېيىنكى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىغا چوڭ ياردىمى بولىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ، ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، گۈزەل جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، ھايات مۇساپىسىنى ياخشى بېسىشنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئېھتىياجى. بالىلار كىچىكىدىن باشلاپلا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقلىرىنى كۆپرەك ئوقۇشى كېرەك. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان نۇرغۇن ئالىملار كىچىك ۋاقتىدىلا غايىسى ۋە قىزىقىشىغا ئاساسەن ئىلىم - پەن يولىنى تاللىغان. بۇ يۈرۈشلۈك كىتاب مەخسۇس بالىلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقى بولۇپ، بۇنىڭدا ھايۋانات دۇنياسى، سىرلىق ئادەم بەدىنى، قۇشلار دۆلىتى، ئالەمنىڭ سىرى، يەر شارى ئانا، دېڭىز - ئوكيان، سىرلىق ئۆسۈملۈكلەر، قىزىقارلىق ئادەم بەدىنى، دىنازاۋر ئائىلىسى، ئەقىل - پاراسەت دەستۇرى، قاتناش قوراللىرى قاتارلىق بالىلار ئەڭ قىزىقىدىغان، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى ئاچىدىغان بىلىملەر رەسىمگە بىرلەشتۈرۈلۈپ بالىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئاددىي ۋە قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلىنىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ بالىلارنىڭ ياخشى دوستى، ئاتا - ئانىلارنىڭ ياخشى ياردەمچىسى بولۇپ قېلىشىنى، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇپ كەلگۈسىدە بىلىملىك ھەم يارامىلىق ئىز باسارلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. سەۋىيەمىزنىڭ چەكلىكلىكى سەۋەبلىك كىتاب بەزىبىر خاتالىقلاردىن خالىي بولالمىغان بولۇشى مۇمكىن ئەلۋەتتە. كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىممەتلىك پىكىر - تەلەپلىرىنى ئايىماسلىقىنى سورايمىز.

— تۈزگۈچىلەردىن

## مۇندەرىجە


قورقۇنچلۇق ھايۋان — تىمساھ ........ 43
ئۆزىنى قوغداش ماھىرى — كەسلەنچۈك ........ 45
ئۇستا بىناكار — قۇندۇز ........ 46
مىس - مىس ھايۋان — تاشپاقا ........ 47
تىكەنلىك ھايۋان — كىرپە ........ 49
ئوماق ھايۋان — كاۋلا ........ 50
سىرلىق ھايۋان — شەپەرەڭ ........ 53
ئەرمەك ھايۋان — مۈشۈك ........ 55
ۋاپادار ھايۋان — ئىت ........ 57
ئارقار ۋە تاغ تېكىسى ........ 59
دورىلىق ھايۋان — بۆكەن ........ 60
قەدىمكى مۇھىم قاتناش قورالى — ئات ........ 62
ئىشچان ھايۋان — كالا ........ 64
يۇۋاش ھايۋان — قوي ........ 66
سوقۇشقاق ھايۋان — بېگېموت ........ 67
كۆرۈنۈشى سۈرلۈك، قورقۇنچاق ھايۋان — كەركىدان ........ 69
كۆچلۈك ھايۋان — سۇ كالىسى ........ 71
شىمالىي قۇتۇپتىكى ئەڭ چوڭ ئوتخور ھايۋان — ئېپار كالا ........ 72
ئانتېنىنىسى بار ھايۋان — سۇلەيسۇن ........ 73
زىرائەت مۇھاپىزەتچىسى — پاقا ........ 74
قوش ماكانلىق ھايۋان — سەمەندەر ........ 76






# يولۋاس بىلەن توشقان

« ئاۋىلىنىڭ ئاۋىلىسىدا، زامانلارنىڭ زامانىسىدا، زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ ئىكەن، يولۋاس سوراقچى، بۆرە قاراقچى، تۈلكە يالاقچى ئىكەن.

شۇ زامانلارنىڭ بىر جاڭگىلىدا دەۋر سۈرۈۋاتقان يولۋاس پادىشاھ ئالدىغا ئۇچرىغان جان - جانىۋارلارنى يەپ، جاڭگالغا ناھايىتى ۋەھىمە سېلىپ كەلگەچكە، باشقا جان - جانىۋارلار مەسلىھەتكە كېلىپ، يولۋاسنىڭ ئالدىغا ۋەكىل ئەۋەتىپتۇ. ۋەكىل توققۇز تەزىم بىلەن مىڭ مۇشەققەتتە بولۇنغان مەسلىھەتنى بايان قىپتۇ:

— جانابىي پادىشاھى ئالەم، بۇرۇن جانابلىرى ئوزۇقلىنىش ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاپ ناھايىتى ئاۋارە بولدىلا. جانابلىرىنىڭ بۇ ئاۋارىگەرچىلىكلىرىگە جاڭگالدىكى بارلىق جان - جانىۋارلارنىڭ كۆزىمىز يېتىپ، بۇندىن كېيىن پادىشاھ ئۆزىنى ئاۋارە قىلمىسا بىز ئۆزىمىز نۆۋەت بىلەن ھۇزۇرلىرىغا كېلىپ تاماق بولساق، دېگەن مەسلىھەتكە كېلىپ، ئاخىرى جانابلىرىنىڭ ئالدىدىن بىر ئۆتۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇلار مېنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. يولۋاس پادىشاھ بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. قىلىنغان ۋەدە بويىچە جان - جانىۋارلار ھەركۈنى بىردىن كېلىپ، يولۋاسقا تاماق بولۇپ تۇرۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۆۋەت بىر توكۇر توشقانغا كەپتۇ. توشقان قانداق قىلىپ بولمىسۇن يولۋاسنى بىر پالاكەتكە ئۇچرىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، كۆڭلىگە بىر ئوي پۈكۈپتۇ. يولۋاسنىڭ ئالدىغا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېچىكىپ كەپتۇ. يولۋاسنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ: — نېمىشقا ۋاقتىدا كەلمەيسەن ئاۋاق؟ — دەپ، غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ.



— كەچۈرسىلە پادىشاھى ئالەم، دەپتۇ توشقان، - جانابلىرىنى ساقلىتىپ قويۇشقا مېنىڭ جېنىم ئون ئەمەس، جانابلىرى كۆرۈپ تۇرۇپتىلا، مەن بولسام بىر ئاۋاق، بىر كۈنلۈك تاماقلىرى ئۈچۈن ئازلىق قىلىمەن، شۇ يەرلىرنى ئويلاپ راستلا خىجالەت بولۇپ، ئاخىرى بىر تۇققىنىمنى بىللە ئېلىپ كېلىۋاتاتتىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى www.uyghurkitap.com





يولدا ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر يولۋاس ئالدىمىزنى توسۇپ بەك ئاۋارىچىلىككە سالدى. بىز قۇتۇلۇشنىڭ ھېچبىر ئامالىنى قىلالمىدۇق، ئاخىرى ئۇ مەن بىلەن بىللە كېلىۋاتقان تۇققىنىمنى تۇتۇۋالدى، مېنىڭ بىر پۇتۇمنى ناكار قىلدى. مەن مانا مۇشۇ سەۋەبتىن كېچىكتىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈممۇ مىڭبىر خىجالەتتە.

يولۋاس بۇنى ئاڭلاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ: — كىم ئىكەن ئۇ، مېنىڭ رىزقىمغا چاڭگال سالىدىغان! يۈر، مېنى شۇنىڭ قېشىغا باشلاپ بارغىن! — دەپ ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي، توشقاننى ئالدىغا سېلىپ مېڭىپتۇ.

يولۋاسنىڭ بۇ پەيلى توشقاننىڭ كۆڭلىگە پۈككەن مەقستىگە بەك ئەپ كەپتۇ - دە، يولۋاسنى ئەگەشتۇرۇپ بىر قۇدۇقنىڭ قېشىغا كەپتۇ.

مانا تەقسىر، مۇشۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى، ئەنە تۇرىدۇ ئۆزى، يېنىدا ھېلىقى توشقانمۇ بار، تېخى ماڭىم ئېتىلماقچى بولۇۋاتىدۇ - دەپ، قۇدۇقنىڭ ئىچىنى كۆرستىپتۇ.

يولۋاس قۇدۇقنىڭ تۆۋىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھەم يېنىدىكى توشقاننىڭ سۇدىكى شولىسىنى كۆرۈپ ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ. يولۋاس تەرىنى تۇرۇپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتسا، قۇدۇقتىكى شولىسىمۇ شۇنداق قىلىۋاتقان. بۇ ئەھۋالغا چىدىمىغان يولۋاس ئاچچىقىغا پايلىماي ئۆزىنى بىر ئېتىپتۇ - دە، قۇدۇقنىڭ ئىچىگە تىك موللاق چۈشۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، توكۇر توشقاننىڭ تاپقان ئامالى بىلەن جاڭگالدىكى باشقا جان - جانىۋارلارمۇ يولۋاستىن قۇتۇلۇپتۇ. »



كىچىك دوستلار، بۇ چۆچەكنى ئوقۇپ، بۇ جاڭگالدا ياشاۋاتقان جان - جانىۋارلار بىلەن تونۇشۇشنى ئويلىدىڭلارمۇ؟ ئەگەر تونۇشۇشنى خالىساڭلار بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقىڭلار.







# ئورمان پادىشاھى — يولۋاس

يولۋاس سۈت ئەمگۈچى ھايۋان بولۇپ، مۈشۈك ئائىلىسىگە تەۋە. يولۋاسنىڭ ھازىرغىچە ئېنىقلانغان تۈرى تۆۋەندىكىچە: بېنگال يولۋىسى، غەربىي ئاسىيا يولۋىسى، شەرقىي شىمال يولۋىسى (سىبىرىيە يولۋىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، گاۋا يولۋىسى، جەنۇبىي جۇڭگو يولۋىسى، بالىخۇ يولۋىسى قاتارلىقلار.

ئورمانلىقتىكى نۇرغۇن ھايۋانلار يولۋاسنىڭ ئولجىسىدۇر. يېمەكلىك تېپىلمىغاندا ئۇ يەنە ئىنسانلارغا ياكى ئىنسانلار باققان ھايۋانلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ.



يولۋاس يەنە ئۆزىنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى ۋە يول - يول سىزىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئولجىلىرىغا ساختا كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىپ، ئاسانلا ئوزۇقلۇققا ئېرىشىدۇ.



يولۋاسنىڭ قۇلىقى ناهايىتى قىزىقارلىق. ئۇ هۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، ئىككى قۇلىقىنى تولغاپ، قۇلىقىنىڭ ئارقىسىدىكى ئاق - قارا رەڭلىك چېكىتنى دۈشمىنىگە توغرىلايدۇ. بۇ ئۇنىڭ قارشى تەرەپكە ئاگاهلاندۇرۇش بەرگەنلىكى هېسابلىنىدۇ.



يولۋاسلارنىڭ تۈكلىرى قىش پەسلىدە ياز پەسلىدىكىدىن ئۇزۇن بولىدۇ. تۈكلىرىنىڭ رەڭگى سۇس بولىدۇ. يولۋاس توڭلاپ كەتسە پۈتۈن زېهنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يۈگۈرەيدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇ ئۆزىگە ئولجا بولىدىغان كىچىك هايۋانلارنى كۆرسىمۇ، بۇلارغا نەزەر سالمايدۇ. ئۇ تاكى بەدىنى ئىسسىغىچە يۈگۈرۈشتىن توختىمايدۇ.



يولۋاسنىڭ تىلى ناهايىتى يىرىك بولۇپ، ئۇ سۆڭەكتىكى گۆشلەرنى پاك - پاكىز يەۋېتەلەيدۇ. دالالاردا ياشايدىغان يولۋاسلار هەر قېتىمدا 40 كىلوگرام ئەتراپىدىكى گۆشنى يەۋېتەلەيدۇ. ئادەتتە ئۇلار بىر قېتىمدا ئوۋلىغان ئولجىسىنى يەپ بولالمىسا 3 ~ 6 كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ تۈگىگىچە مەززە قىلىپ يەيدۇ.





# يايلاق زومىگەرى — شىر





بىپايان ئافرىقا يايلاقلىرىدا نۇرغۇن ياۋۇز، گۆشخور هايۋانلار ياشايدۇ. شىر ئافرىقا يايلىقىدىكى هايۋانات پادىشاهى بولۇپ، نۇرغۇن هايۋانلار ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى «مەززىلىك تائام »غا ئايلىنىپ كېتىدۇ. كىشىلەر ئۇنى« ئافرىقىدىكى ئەڭ چوڭ ئوۋچى» دەپ ئاتايدۇ. شىر توپلىشىپ ياشايدۇ. ئۇ ئۆزىدىن چوڭ تاغىل ئات، بۆكەن قاتارلىق هايۋانلارنىمۇ ئوۋلاپ يەيدۇ.







شىر توپى ئىچىدە ئىشچان ئانا شىر ئاساسەن ئوۋلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. شىرنىڭ بىر كۈن ئىچىدە ھەقىقىي ئوۋ ئوۋلايدىغان ۋاقتى 4 ~ 5 سائەت بولۇپ، قالغان ۋاقىتلارنى بىكارچىلىقتا ئۇخلاپ ئۆتكۈزىدۇ.



شىر باللىرى ئادەتتە پۇت - قولى يېتىلگەندىن تارتىپ گۆش يېيىشكە كىرىشىدۇ. ئانا شىر دائىم ئۇلارغا گۆشنى يېرىم چايناپ بېرىدۇ. 6~7 ئايلىق بولغاندا سۈت ئېمىشتىن توختايدۇ. شىر باللىرى مىدىرلاپ تۇرغان نەرسىلەرنى ئوۋناشقا ئامراق كېلىدۇ، شۇڭا ئانا شىر دائىم باللىرىغا قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ بېرىدۇ. ئۇلار ئويناش جەريانىدا قانداق ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# قارىماققا يۇۋاش كۆرۈنىدىغان ياۋۇز ھايۋان — ئېيىق

ئېيىق بەدىنى يوغان ھايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ ساددا ، يۇۋاش قىياپىتى كىشىلەرگە ئوماق تەسىر بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئېيىق ئاسانلىقچە بوزەك بولىدىغان ھايۋان ئەمەس، كۆپ چاغلاردا ئۇ ئۆزى تۇرۇشلۇق جاينىڭ زومىگەرى بولۇۋالىدۇ. ئېيىقنىڭ بەدىنى سېمىز ، تۈكلىرى ئۇزۇن ھەم قويۇق، پۇتىدا بەش دانە ئۆتكۈر پەنجىسى بولىدۇ. قۇيرۇقى قىسقا كېلىدۇ، ئۇ ئادەتتە ئاستا دەلدەڭشىپ ماڭىدۇ. ئەمما، ئوۋنى قوغلىغاندا ناھايىتى تېز يۈگۈرەيدۇ. ئۇ ئارقا ئىككى پۇتىدا تىك تۇرالايدۇ.



قىش كىرىشى بىلەن نۇرغۇن ھايۋانلار قىشلىق ئۇچەككە كىرىدۇ، ئۇلار كۈزدە تويغۇدەك يەپ - ئىچىپ تازا سەمرىۋېلىپ قىش كىرىشى بىلەنلا ئۇچەككە كىرىپ كېلەر يىلى ئەتىيازغىچە ئۇخلايدۇ. ھايۋانلارنىڭ ئۇچەككە كىرىشى ھەرخىل بولىدۇ. ئېيىقمۇ قىشلىق ئۇچەككە كىرىدىغان ھايۋان بولۇپ، ئېيىق قىشلىق ئۇچەككە كىرگەندە ھېچنىمە يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ ھەم چوڭ - كىچىك تەرەت قىلمايدۇ. ئېيىق ئۇچەكتە ئۆزىنىڭ تاپانلىرىنى يالاشنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاجراتمىلار ئۇنىڭ تاپىنىنى سىلىقلاشتۇرىدۇ. شۇڭا، ئېيىق تاپىنىدا ئاقسىل ئىنتايىن مول بولۇپ، ئاز ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق ئوزۇق دەپ قارىلىپ كەلگەچكە، بۇ، ئېيىقنىڭ ئوۋلىنىش خەۋپى بولۇپ قالغان.



ئېيىقنىڭ ئادەتتە ئاسىيا قارا ئېيىقى، قوڭۇر ئېيىق، كۆزەينەكلىك ئېيىق، ھورۇن ئېيىق، ئاق ئېيىق، مالايا ئېيىقى ۋە ئامېرىكا قىتئەسى قارا ئېيىقى دەپ يەتتە تۈرى بار.

قوڭۇر ئېيىق ئېيىق ئائىلىسىدىكىلەر ئىچىدە چوڭ ھەم كۈچلۈك بولۇپ، بىر شاپىلاق بىلەن چوڭ دەرەخلەرنىمۇ سۇندۇرۇۋېتەلەيدۇ. ئۇ ناھايىتى سوقۇشقاق بولۇپ، ئۆزگە تەۋە جاي ۋە يېمەكلىكنى قوغداش ئۈچۈن بۆرىلەر توپى ۋە تاغ شىرلىرىنى قوغلىۋېتەلەيدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە كىرىپ قالغان باشقا ئېيىقلارنىمۇ قوغلىۋېتەلەيدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇ يوپۇرماق، مېۋە قاتارلىق نەرسىلەرنى يېيىشكە ئامراق. بەزىدە قۇرت ـ قوڭغۇز ۋە كىچىك قۇشلارنىمۇ يەيدۇ. قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كەتكەندە دەريادىن بېلىق تۇتۇپ يەيدۇ.

قوڭۇر ئېيىق



مالايا ئېيىقى ــ ئەڭ كىچىك ئېيىق بولۇپ، تىلى ئۇزۇن كېلىدۇ، ھەسەل يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ مەيدىسىدە سارغۇچ رەڭلىك « U » شەكىللىك سىزىقچە بولىدۇ.

مالايا ئېيىقى



كۆزەينەكلىك ئېيىق جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بىردىنبىر ئېيىق ئائىلىسىدىكى ھايۋان، ئۇ ئېيىق ئائىلىسىدىكى باشقا ئېيىقلارغا سېلىشتۇرغاندا ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن سىرتقى قىياپىتى ئۆزگىچە، ئۇنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق يېرى شۇكى، كۆزىنىڭ ئەتراپىدا يۇملاق، توم ۋە ئىنچىكە سىزىقچىلار بولۇپ، كۆزىدىكى قارا سىزىقچىلارنى ئايرىپ تۇرىدۇ. يىراقتىن قارىسا خۇددى قارا كۆزەينەك تاقىۋالغاندەكلا كۆرۈنىدۇ. شۇڭا، ئۇ كۆزەينەكلىك ئېيىق دەپ ئاتالغان.

كۆزەينەكلىك ئېيىق







ھورۇن ئېيىق

ھورۇن ئېيىق ھىندىستان ۋە سىرىلانكا قاتارلىق جايلاردا ياشايدىغان بولۇپ، ئاساسلىقى قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى يېمەكلىك قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئاق چۈمۈلىنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ يەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇن ھەم چەبدەس تۇمشۇقى، ئۇزۇن تىلى بار، بىراق ئۈستۈنكى تۆت تال چىشى يوق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن تىرناقلىرى ئارقىلىق ئاق چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزۇپ ئۇزۇن تىلى بىلەن يالماپلا يۇتۇۋېتىدۇ.

قارا ئېيىقنى كىشىلەر دائىم ئىت ئېيىق دەپ ئاتايدۇ، ئۇنىڭ تېنى چوڭ ھەم كېلەڭسىز، پۈتۈن بەدىنىدىكى تۈكلەر قاپقارا ھەم پارقىراق كېلىدۇ، ئېيىقنىڭ مەيدىسىدە « V» شەكىللىك ئاق بەلباغ بار بولۇپ، ئۇنى بىر قاراپلا، تونۇۋالغىلى بولىدۇ. قارا ئېيىقنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ئېغىرلىقى 200~300 گىرام كېلىدۇ، تۇغۇلۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن كۆزىنى ئاران ئاچالايدۇ، ئۇنىڭ ئانا سۈتىدىن ئايرىلىشى ئۈچۈن كەم دېگەندە ئۈچ ئاي ۋاقىت كېتىدۇ.

ئامېرىكا قىتئەسى قارا ئېيىقى ئاساسەن ئورمانلىقتا ياشايدىغان بولۇپ، مېۋە ۋە قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ئۇ قۇرۇپ قالغان دەرەخ كامارلىرىدا قىشلىق ئۇچەككە كىرىدۇ.

كۆپ قىسىم ئېيىقلار ئاساسەن كۈندۈزى ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۆسۈملۈك، گۆش قاتارلىقلارنى ئوزۇق قىلىدۇ، ئۇلار ئۆسۈملۈك، مېۋە، ھەسەل، قۇرت ـ قوڭغۇز، بېلىق، چىرىگەن گۆش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يەيدۇ. ئېيىقنىڭ كۆرۈش ۋە ئاڭلاش سەزگۈسى تۆۋەن بولۇپ، ئاساسەن پۇراش سەزگۈسىگە تايىنىپ ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ.



ئاسىيا قارا ئېيىقى



ئامېرىكا قىتئەسى قارا ئېيىقى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# شىمالىي قۇتۇپ خوجىسى — ئاق ئېيىق

ئاق ئېيىق بىز دائىم دەيدىغان شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى بولۇپ، شىمالىي قۇتۇپتىكى ئەڭ چوڭ سۇ
ئەمگۈچى ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ۋەھشىي ھەم كۈچلۈك بولغاچقا، شىمالىي قۇتۇپ زومىگىرى دەپ ئاتالغان
ھېچقانداق ھايۋان ئۇنىڭغا چېقىلىشقا پېتىنالمايدۇ. ئادەتتە پەقەت چىشى ئېيىقلا ئۆچەككە كىرىدۇ،
ئۆچەككە كىرگەندە قاتتىق ئۇخلاپ كەتمەيدۇ، ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا دەرھال ئويغىنالايدۇ. بۇ يىل قىشتا ئۆچەككە
كىرسە، كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئويغىنىدۇ. ئۇلار ئۆچەك ئىچىدە بالا تۇغۇپ
تەبىئىيلا ئانا بولۇپ قالىدۇ.









# دۆلەت گۆھىرى — مۇشۇكئېيىق



مۇشۇكئېيىقنىڭ بىر جۈپ قارا كۆزى
قارا كۆزەينەك تاقىۋالغاندەك كۆرۈنۈپ
ئادەمنىڭ تولىمۇ مەستلىكىنى كەلتۈرىدۇ.

سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ سانى ئاز، يەنە بەزىلىرى پەقەت ئايرىم دۆلەتلەردىلا بار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار تولىمۇ ئەتىۋار. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەت ئۈچۈن ناھايىتى بىباھادۇر، پەقەت بىز ئۇلارنى ئاسرىساق، قوغدىساقلا يەر شارى تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

بامبۇك يەيدىغان مۇشۇكئېيىق — مۇشۇكئېيىقنىڭ ئەجدادى گۆشخور ھايۋان بولۇپ، ھازىر ئۇ پەقەت بامبۇك نوتىسىنىلا يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. يېتىلگەن بىر مۇشۇكئېيىق ھەركۈنى 20 كىلوگرام ئەتراپىدا يۇمران بامبۇك نوتىسىنى يەۋېتىدۇ. مۇشۇكئېيىق بىر قېتىمدا پەقەت بىرلا بالا تۇغىدۇ، ئۇ بالىسىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، بىر مىنۇتمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ، بالىسى چوڭ بولغاندا ئانا مۇشۇكئېيىق ئۇنى مۈرىسىگە مىندۈرۈپ ھەرخىل ماھارەتلەرنى ئۆگىتىدۇ.



مۇشۇكئېيىق ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك بايلىق بولۇپ، ئاساسلىقى جۇڭگونىڭ بىر قىسىم جايلىرىغا تارقالغان بولغاچقا، جۇڭگونىڭ «دۆلەت گۆھىرى» دەپ ئاتالغان.



# يۈگۈرۈش ماھىرى — يىلپىز

يىلپىز مۈشۈك ئائىلىسىگە تەۋە بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ تې
يۈگۈرەيدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ سائەتلىك تېزلىكى 90 ~ 120
كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئۇنىڭ يۈگۈرۈش چېمپىيونى بولالىشىدىكى سەۋە
ئۇنىڭ تەن ساپاسىنىڭ ئىنتايىن ياخشىلىقىدا. يىلپىزنىڭ بېشى
يۇمىلاق ھەم كىچىك، تېنى ئۇزۇن، ئومۇرتقا ۋە پۇت - قول ئۇگىلىرى
ناھايىتى ئەۋرىشىم، ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە پۇتلىرى ناھايىتى كۈچلۈك
كېلىدۇ. ئۇ شامالدەك ئۇچقۇر، ئۇنىڭ نەپەسلىنىش سىستېمىسى
ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان. ئۇنىڭ ئالاھىدە چوڭ يۈرىكى مۇسكۇللىرىنى
يېتەرلىك ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇرۇن تۆشۈكلىرىمۇ يوغان
بولغاچقا، ئۆپكىسىمۇ كۆپ مىقداردا ھاۋا سۈمۈرەلەيدۇ.



يىلپىزنىڭ ئولجىلارنى ئوۋلىشى ئاسان بولغاچقا، ئۇ پەقەت يېڭى نەرسىلەرنى يەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. بىر قېتىمدا يەپ بولالمىغان ئولجىسىنى ھەرگىز قايتا يېمەيدۇ. يىلپىزنىڭ بەدىنى بىلەن تەڭ ئۇزۇنلۇقتا قۇيرۇقى بولۇپ، تېز يۈگۈرگەندە بەدىنىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ.










ئىشىنەمسىز؟ يىلپىز ئىككى سېكۇنت ئىچىدىلا ئەڭ يۇقىرى تېزلىككە يېتەلەيدۇ. ھازىرغىچە تېخى ھېچقانداق بىر ئاپتوموبىل بۇنداق تېز قوزغىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە يۈگۈرۈش ۋە يامىشىش ئىقتىدارى بولغاچقا ئۇ ئۆزىدىنمۇ چوڭ ئولجىنى ئېلىپ ئېگىز دەرەخكە ئېسىپ يەيدۇ.



يىلپىزنىڭ تىرنىقى پۇتىنىڭ سىرتىغا ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، يۈگۈرۈش جەريانىدا ئاسانلا ئۇپراپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇ تىرنىقىنى قورال ئورنىدا ئىشلەتمەيدۇ، بىراق ئۇنىڭ تىرناقلىرى قىسقا يۈگۈرۈش تەنھەرىكەتچىسىنىڭ ئايىغىدىكى مىخلارغا ئوخشاش يۈگۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىدۇ. ئۇ ئۆتكۈر كۆزى، مەزمۇت قول - پۇتلىرى، شۇنداقلا چەبدەس ھەرىكىتى ئارقىلىق بۆكەن، ياۋا توشقان قاتارلىقلارنى ئوۋلايدۇ. يىلپىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ھايۋانلارنىڭ ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالىشى تولىمۇ قىيىن. ئۇ قىيادىن - قىياغا ئۇچقاندەك سەكرىيەلەيدۇ، دەرەخكە يامىشىپ چىقالايدۇ، سۇ ئۈزەلەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۆم ھايۋان — بۆرە



بۆرىنىڭ تەبىئىتى ياۋۇز بولۇپ، ئاساسلىقى ياۋا توشقان قۇندۇزغا ئوخشاش ئاجىز، كىچىك ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيد بەزىدە چوڭ ھايۋانلارغا، بەزىدە ئۆي ھايۋانلىرىغا ھۇجۇ قىلىدۇ. ئوزۇقلۇق قىس بولىدىغان قىش كۈنلىرى توپ ـ تو بولۇپ، بىر قەدەر چوڭ ھايۋانلارنى ئوۋلايدۇ. بۆرە توپلىشى يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئادەتتە 5~12سى بىر توپ بولۇپ ياشايدۇ. قىش كۈنلىرى قاتتىق سوغۇق بولغاندا 40 ى بىر توپ بولۇۋالىدۇ. ئۇلارغا ئادەتتە ماھارىتى باشقا بۆرىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر جۈپ ئەركەك، چىشى جۆرە بۆرە قوماندانلىق قىلىدۇ.











بۆرە ئادەتتە قەھرىتان سوغۇق بولىدىغان جايلاردا ياشايدۇ، ئۇنىڭ تېرىسىنىڭ ئىسسىقلىق ساقلاش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇپ، قەھرىتان سوغۇقلارمۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلالمايدۇ. بولۇپمۇ سوغۇق كېچىلەردە ئۇلار تېنىنى تۈگۈپ قار دۆۋىلىرى ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. بۆرە قار دۆۋىلىرىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقاندا، قار ـ شىۋىرغانلار ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.





# هىيلىگەر هايۋان — تۈلكە



هايۋاناتشۇناسلارنىڭ بايقىشىچە، تۈلكىنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى هاشارات، قۇرت - قوڭغۇز، ياۋا توشقان ۋە چاشقان قاتارلىق زىرائەتكە زىيان سالىدىغان كىچىك هايۋانلار ئىكەن. شۇڭا، تۈلكىنى ئىنسانلارغا پايدىلىق هايۋان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بىراق، تۈلكە بەزىدە ئۆي هايۋانلىرىغىمۇ هۇجۇم قىلىدۇ.

تۈلكە ئىنتايىن ئەقىللىق هايۋان، ئۇ دۈشمەنلىرىگە ئۇچراپ قېچىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن چاغدا يالغاندىن ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالىدۇ. دۈشمەنلىرىنىڭ دىققىتى بۇرالغاندا، دەرهال پۇرسەت تېپىپ قېچىپ كېتىدۇ. ئۇ يىراقتىن بىر كىچىك هايۋاننى كۆرگەن هامان، ئۆزىنى ئازابلىنىۋاتقان ياكى قۇيرۇقىنى ئويناۋاتقان قىياپەتكە كىرگۈزۈۋېلىپ كىچىك هايۋانلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. كىچىك هايۋانلار تەدرىجىي يېقىنلاشقان ۋاقىتتا تۇيۇقسىز ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ.

تۈلكە بەدىنىدىن بىر خىل سېسىق پۇراق [illegible] ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بولۇپ، بۇ خىل پۇراق [illegible] چىقىشى بىلەنلا باشقا هايۋانلار نەپەس ئالالمايدۇ [illegible] بۇ خىل پۇراق تۈلكىنىڭ قېچىشتىكى مەخپىي قورالى هېسابلىنىپ، باشقا هايۋانلاردىن [illegible] پەرقلىنىدىغان ئاساسلىق بەلگىسى بولۇپلا [illegible] قالماستىن، بەلكى يەنە ئەڭ ياخشى ئۆز ئارا [illegible] ئالاقە قىلىش قورالى.



تۈلكىنىڭ قىزىل تۈلكە، چوڭ قۇلاقلىق تۈلكە قاتارلىق 12خىل تۈرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ هەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئوۋلاش ئۇسۇلى بار.





ئانا تۈلكە ئۆلجىغا ئۇچرىغان ۋاقىتتا ئۆزى ئۆلجىنى تېخىمۇ كۆپرەك يېيىش ئۈچۈن ساختا ئاگاهلاندۇرۇش ئۇچۇرى بېرىپ، كىچىك تۈلكىلەرنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ، ئۆلجىنى ئۆزى مەززە قىلىپ يەيدۇ.





قۇملۇقتا ياشايدىغان تۈلكىلەرنىڭ قۇلىقى چوڭ بولغاچقا، چوڭ قۇلاقلىق تۈلكە دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ قۇلىقى بەدىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىلدىكى تۈلكىلەرنىڭ چوڭ قۇلىقى قۇملۇقتىكى ئىسسىقلىق ئېقىمىنى توسۇشقا ياردەم بېرىدۇ. بۇ كېلەڭسىز يوغان قۇلاق تېزلىكتە ئىسسىقلىق تارقىتىپ، ئۇلارنى قۇملۇقنىڭ تومۇز ئىسسىقلىرىغا ماسلاشتۇرغان. كۈندۈزلىرى بۇ تۈلكىلەر ئۆڭكۈرلەردە ئارام ئالىدۇ.

تۈلكە هەمىشە مۆتىهەملىك قىلىپ باشقا هايۋانلارنىڭ ئۇۋىسىنى ئىگىلىۋالىدۇ. باشقا هايۋانلار ئۇۋىسىدا يوق چاغدا ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۇۋىسىغا چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىپ ئۇۋىنى سېسىتىۋېتىدۇ. پاكىزلىقنى ياقتۇرىدىغان باشقا هايۋانلار ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

# ئەڭ ئېگىز ئوتخور ھايۋان — زىراپە



زىراپە دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز ئوتخور ھايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى تۆت مېتىردىن ئاشىدۇ. بەزى يېتىلگەن زىراپىلەرنىڭ ئېگىزلىكى ھەتتا يەتتە مېتىرمۇ كېلىدۇ. يېڭى تۇغۇلغان زىراپە بالىلىرىنىڭ ئېگىزلىكمۇ ئىككى مېتىرغا يېتىدۇ. بۇنداق ئېگىزلىكنى ئىنسانلارغا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.



زىراپىنىڭ بويى ئېگىز بولغاچقا، دەريا بويىدا يېتىپ تۇرۇپ سۇ ئىچىش ئۇنىڭغا ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئېگىز ئۆسكەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇچىدىكى يۇمران يوپۇرماقلارنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ خىل يۇمران يوپۇرماقلارنىڭ سۇ مىقدارى كۆپ بولۇپ ئۇلارنىڭ بەدىنىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قامدايدۇ.

زىراپە تۇغما «گاچا» بولۇپ، ئۇلار ئاۋاز ئارقىلىق ئالاقىلىشالمايدۇ. پەقەت قۇيرۇقنى تولغاش ئارقىلىق ئۆزئارا پاراڭلىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھايۋانات دۇنياسى



زىراپىنىڭ بەدىنى قوڭۇر رەڭلىك ئالا ـ چىپار داغلاردىن تۈزۈلگەن، بۇ چىپار داغلارنىڭ بەزىلىرى تاياقچىغا، بەزىلىرى چىشلىق چاققا ئوخشايدۇ. بۇ داغلار خۇددى ئادەمنىڭ بارماق ئىزىغا ئوخشاش مۇرەككەپ بولىدۇ. بۇ داغلار زىراپىنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگەرمەيدۇ، بەلكى بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ بارىدۇ. بۇ داغلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، زىراپىلەر ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ داغلار يەنە ئۇلارنى قوغداپ، دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇلارنى بايقاپ قېلىشىدىن ساقلايدۇ.



ورسىمان داغلىق زىراپە



وتىسر ئائىلىسىدىكى زىراپە



ماسسائى زىراپىسى



زىراپىنىڭ تىلى ئۇزۇن ھەم يۇمشاق بولۇپ، «ئۇزۇن تىل» دەپ ئاتىلىدۇ، ئەڭ ئۇزۇن چىقارغاندا ئادەمنىڭ بېلىكىدەك ئۇزىرايدۇ. ئۇ دەرەخ شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرىنى ئاغزىغا تىلى بىلەن يۆگەپ ئەكىرىپ يەيدۇ.



زىراپە ئۇخلاش ئالدىدا بوينىنى بۇراپ، ئالدى ئىككى پۇتىدا يۈكۈنۈپ ، ئارقا ئىككى پۇتىنى ئالدىغا ئېگىپ يەردە ئولتۇرۇپ ئۇخلايدۇ. ئۇنىڭ بويىنى مىدىرلىمسا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

# ئەڭ چوڭ ھايۋان — پىل



پىل — قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ئەڭ چوڭ ھايۋان، ئۇن
يوغان بەدىنى، ئۇزۇن خارتۇمى ۋە ئۇچلۇق چىشلىرى بولىدۇ.
ئادەتتە 8~10دىن توپلىشىپ ياشايدۇ. بەزىدە ھەرقايسى پ
توپى بىر يەرگە يىغىلىپ نەچچە يۈزلىگەن پىلدىن تەشك
تاپقان پىل توپىنى ھاسىل قىلىدۇ. پىل ئائىلىسىنىڭ ئىچ
ئانا پىل «ئائىلە باشلىقى» بولۇپ، خەتەرگە يولۇققاندا
ھېچنېمىگە قارىماستىن بالا پىللارنى قوغداپ، ئۇلارنى بىخ
تۇرمۇشقا ئىگە قىلىدۇ.

پىلنىڭ خارتۇمى بارلىق ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ ئۇز
بولۇپ، مۇسكۇللىرى ئېلاستىكلىققا ئىگە، خالىغان
ئۆزىرىپ قىسقىرالايدۇ. ناھايىتى سەزگۈر كېلىدۇ. ئۇ يال
جەڭ قورالى بولۇپلا قالماستىن، زۆرۈر تېپىلغاندا ھ
بىر تال يىڭنىنىمۇ تۇتۇپ ئالالايدۇ. بىرا

بالا پىللار 6 ئايلىق بولغاندىلا، ئاندى
خارتۇمىنى باشقۇرۇشنى ئاران ئۆگىنەلەيدۇ. بىر خى
تۆۋەن چاستوتىلىق ئاۋاز چىقىرىپ ناھايىتى يىراقتىك
پىللارغىمۇ سىگنال بېرىپ، ئۇلارنىڭ توپتىن ئايرىلى
قالماسلىقىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.









پىل خارتۇمى بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنى يالماپ ئاغزىغا سالىدۇ. ئۇ ئوت - چۆپكە ئوخشاش يەردە ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى ئاساسىي ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ئۇ خارتۇمى بىلەن دەرەخ يوپۇرماقلىرى، شاخلىرى ۋە دەرەخ قوۋزىقىنى ئېلىپ يەيدۇ. ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەندە ئۇ ناھايىتى چوڭ دەرەخلەرنىمۇ بەدىنى ئارقىلىق ئۆرۈپ دەرەخنىڭ ئۇچىدىكى يوپۇرماقلارنى يەيدۇ. ئۇنىڭ تېزىكىدىن تېخى ھەزىم قىلىنىپ بولمىغان دەرەخ ئۇرۇقلىرى چىقىدۇ، بۇ ئۇرۇقلار يەنە قايتىدىن دەرەخ بولۇپ ئۆسۈپ چىقالايدۇ.



پىل ئۇسسىغان ۋاقىتتا توپلىشىپ دەريا ياكى كۆللەرگە چۈشۈپ سۇ ئىچىدۇ. ئۇ بىر كۈندە 160~300 لىتىر سۇ ئىچىدۇ. ئۇ يەنە خارتۇمى ئارقىلىق سۇنى ئېلىپ دۈمبىسىگە پۈركۈپ سالقىندايدۇ. ئۇنىڭ نەم تېرىسىگە چاپلاشقان توپا ۋە پاتقاقلار ئۇنىڭ تېرىسىنى قۇياش نۇرىدىن ۋە پارازىت قۇرتلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





پىلنىڭ چىشى دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر چىش بولۇپ، ھەربىر تال چىشىنىڭ ئېغىرلىقى بىر چوڭ ئادەمنىڭ بەد
ئېغىرلىقىدا ئېغىرا كېلىدۇ. پىل چىشى ئوزۇق ئىزدەش قورالى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇ پىلنىڭ ئۆزىنى قوغدىشىد
مۇھىم قورالى ھېسابلىنىدۇ. پىلنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرغان ئىككى تال چىشىدىن باشقا ئوڭ، سول، ئاستى، ئۈ
ھەرقايسى تەرەپتە 20 تال چىشى بولىدۇ. بۇ چىشلار بىرلا ۋاقىتتا ئۆسۈپ چىقمايدۇ، تۆتى بىر يۈرۈشتىن بولۇپ تەر
بويىچە ئۆسۈپ چىقىدۇ. پىل دەرىجىدىن تاشقىرى يېقىننى كۆرەلمەيدىغان ھايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدى چ
يوللاردىكى خەۋپ - خەتەرنى سېزىشكە ياردەم بېرىدۇ.

بەدىنى يوغان پىل گەرچە تەڭداشسىز كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەمما دۇنيا بويىچە بىردىنبىر سەكرىيەلمەيدى
ھايۋاندۇر. پىل غەزەپلەنگەندە ياكى قورققاندا قۇلىقىنى ئالدىغا قارىتىپ ئېچىپ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. تو
ئىسسىق كۈنلىرى قۇلىقى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ سالقىندايدۇ.

ئادەتتە پىلنىڭ ئۆمرى ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، 150~ 200 يىل ياشىيالايدۇ. لېكىن بۇ تېخ
تولۇق ئىسپاتلانمىدى. خالىغان بىر پىلنى ئېلىپ ئېيتساق ئۇ گەپ - سۆزس
100 يىل ياشىيالايدۇ.



كىچىك پىلنىڭ دۇنياغا كېلىشىدە ئانا پىل كەم دېگەند
ئىككى يىل قورساق كۆتۈرىدۇ. بۇ سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئىچىد
ھامىلىدار بولۇش ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق ھايۋان. كىچىك پىللا
خاتا ئىش قىلىپ قويسا ئانا پىل ئۇلارنى بۇرنى بىلەن قاتتىق
ساۋاپ ئۇنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. يەنە بەزىدە ئانا پىللار بۇرنى بىلە
يەڭگىلگىنە ئۇرۇپ ئۆزىنىڭ مېھرىنى ئىپادىلەيدۇ.







پىللار ئىچىدە ئافرىقا پىلىنىڭ تېنى ئەڭ
ور بولۇپ، ئېغىرلىقى 6000 كىلوگرام، قۇلىقى
ئاسىيا پىلىنىڭ قۇلىقىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە
باراۋەر كېلىدۇ، يەنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بولغان
ئەڭ چوڭ ئارىلىقى 1.5 مېتىر بولۇپ، ئەدىيال
چوڭلۇقىدا كېلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى
بەكمۇ يۇقىرى. ئۇنىڭ پېشانىسى تۈز كەلگەن.



ئاسىيا پىلى

ئاسىيا پىلىنىڭ تېنى كىچىكرەك بولۇپ، پېشانىسىدە ئىككى تال دوقىسى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاسىيا پىلىنىڭ پەقەت ئەركىكىگىلا ئۇزۇن چىش چىقىدۇ.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، پىل ئۆلسە پىل توپى ئىچىدىكى كۈچتۈڭگۈر پىل چىشى بىلەن يەرنى كولاپ، خارتۇمى بىلەن توپىلارنى چىقىرىپ ئۆلگەن ھەمراھىنى كۆمۈپ قويىدىكەن، باشقا پىللار بەس - بەستە قوم - شېغىل ، چاۋا-چاتقاللارنى ئېلىپ كېلىپ ئۈستىگە دۆۋىلەپ قويىدىكەن. ئارقىدىن ھېلىقى كۈچتۈڭگۈر پىل دەسسەپ چىڭدايدىكەن، باشقا پىللارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دەسسەپ، چىڭداپ بىر قەبرە قوپۇرىدىكەن. كۈچتۈڭگۈر پىل قەبرىنى ئايلىنىپ قاتتىق ھۆركىرەيدىكەن. ئارقىدىنلا باشقا پىللارمۇ قەبرىنى ئايلىنىپ ئۆلگەن ھەمراھى بىلەن بىر- بىرلەپ ۋىدالىشىدىكەن. ئەتراپنى گۆگۈم پەردىسى ئورىغاندىلا، ئاندىن ھېلىقى كۈچتۈڭگۈر پىل ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كۆزى قىيمىغان ھالدا قەبرىدىن يىراقلىشىدىكەن.



# چۆل كېمىسى ـ تۆگە

تۆگە قۇرغاق ۋە قىيىن شارائىتتا قانداق ياشاشنى بىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئۇلار ئايلاپ بىر تېمىممۇ سۇ ئىچم
چۆللۈك ئۆسۈملۈكلىرىنى يەپ هايات كەچۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر ياكى ئىككى لوككىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ماي ساقلان
بولىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ قۇملۇقتىكى سەپىرى ئۈچۈن ئىسمى - جىسمىغا تولىمۇ ماس كەلگەن « چۆل كېمىسى » د
ئۇ قۇملۇقلاردىن ئەگىپ، بوستانلىقلارغا قانداق يېتىپ بېرىشنىڭ يولىنى بىلىدۇ.





تۆگىنىڭ پۇتى ئىنچىكە بولۇپ، يوغان تۇيىقى ئاستىدا
قېلىن پۇرژىنىدەك قاتتىق گۆش بولغاچقا، قىزىق قۇمنى دەسسەپ
ماڭسىمۇ پۇتى قۇمغا ئاسانلىقچە پېتىپ كەتمەيدۇ هەم كۆيۈپ
كەتمەيدۇ.



هايۋانات دۇنياسى

تۆگىنىڭ بۇرنىنىڭ سۇ ساقلاش ئىقتىدارى بار، ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئىچى بەكمۇ چوڭ بولۇپ، هەرقېتىم نەپەسلەنگەندە بۇرۇن تۆشۈكچىلىرى هاۋادىكى سۇ تەركىبلىرىنى سۈمۈرۈپ ئالالايدۇ. ئۇزۇن نەيچىسىمان نەپەس يولى نەپەسلەنگەندىكى هاۋانى سوۋۇتۇپ ئۇنىڭ تەركىبىدىكى سۇنى ساقلاپ قالالايدۇ.

تۆگىنىڭ سۈيدۈكىمۇ بەك ئاز بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرى بەدىنىدىكى چىقىرىۋېتىلمىگەن ئورىيانى يېڭى ئاقسىلغا ئايلاندۇرالايدۇ.

تۆگە تاق لوككىلىق ۋە جۈپ لوككىلىق تۆگە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تاق لوككىلىق تۆگە بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، قۇملۇقتا ماڭالايدۇ، يۈگۈرەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مال يۆتكەشكە، ئادەم مىنىشكە بولىدۇ. قوش لوككىلىق تۆگىنىڭ پاچاقلىرى ئىنچىكە بولۇپ، شېغىللىق ۋە قار - مۇزلاردا مېڭىشقا ماسلاشقان.





# سەرگەردان هايۋان ــ تاغىل ئات



تاغىل ئات ئاتقا ئوخشمايدۇ، ئۇنىڭ قۇلىقى ئاتنىڭكىدىن ئۇزۇن، قۇيرۇقى ئاتنىڭكىدىن قىسقا، بويى ئاتتىن پاكار كېلىدۇ.

تاغىل ئات هاۋاسى ئىنتايىن ئىسسىق بولىدىغان جايلاردا ياشايدۇ. بۇ جايلار يامغۇر پەسلىدىن باشقا چاغلاردا ناهايىتى قۇرغاق بولىدۇ. باراقسان يېشىل بەلباغ ۋە سۇ مەنبەسىنى ئىزدەش ئۈچۈن تاغىل ئات ھەمىشە توپ - توپ بولۇپ يىراققا كۆچىدۇ. تاغىل ئاتلارنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجى سۇ ئىچىش بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆچۈش جەريانىدا سۇ بار جايلاردا تۇرۇپ قالىدۇ.







ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تاغىل ئاتنىڭ بەدىنىدىكى ئاق - قارا يوللۇق سىزىقلار ئۇلارنىڭ ئەڭ جەلپكار بەلگىسى بولۇپ، بۇ يوللۇق سىزىقلار يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ كۆرۈش سېزىمىنى ئاداشتۇرۇپ، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىدىن ساقلاپ قالالايدۇ.



تاغىل ئاتنىڭ كوللېكتىۋىزملىق روھى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭ تاغىل ئات بىرلىشىپ ياشىيالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئەركەك تاغىل ئات سەركەردىسى بولىدۇ.



# تېز يۈگۈرەيدىغان ھايۋان ـ كېنگورۇ



خالتىلىق ھايۋانلارنىڭ تۈرى 270 خىلدىن ئاشىدۇ، كۆپىنچىسى ئوكيانىيە، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدە ياشايدۇ، چوڭ ـ كىچىكلىك پەرقى بەك چوڭ، ئەڭ كىچىكى ئاران ئىككى گىرام، ئەڭ چوڭلىرى 90 كىلوگىرام ئەتراپىدا بولىدۇ، خالتىلىق ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىشى باشقا ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش شەكلىگە ئوخشىمايدۇ. ئەمدىلا تۇغۇلغان « بوۋاقلار » تولۇق يېتىلگىچە ئانىسىنىڭ خالتىسىدا ياشايدۇ.

كېنگورۇ ئاۋسترالىيەدىكى ئالاھىدە ھايۋان بولۇپ، ئاۋسترالىيەنىڭ دۆلەت گېربى، ساياھەت ئىدارىسى، ئاۋىياتسىيە شىركىتى قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىك بەلگىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ سۈرىتى بار.

كېنگورۇلار كۈندۈزى دەرەخ تۈۋىدە مۈگدەپ يېتىپ، كېچىسى ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. كۆپ سانلىق [illegible] نىڭ كۆرەكتەك تىرناقلىرى بولۇپ، توپا كولاشتا ئىشلىتىدۇ، [illegible] ىنىڭ بەدىنىگە بىۋاستە چۈشۈش دائىرىسىنى ئازايت[illegible] ولۇۋالىدۇ. ئۇ بەك ئىسسىپ كەتسە ئال[illegible] راتۇرىسىنى چۈشۈرىدۇ.



كېنگورۇ ئەڭ چوڭ خالتىلىق ھايۋان بولۇپ، ئۆرە تۇرغاندا بويى ئادەمنىڭكىدىن ئېگىز بولىدۇ.





كېنگورۇلار ئادەتتە ماڭالمايدۇ، پەقەت ئۇزۇن ۋە كۈچلۈك ئارقا پاچىقى بىلەن سەكرەيدۇ، بەزىدە ھەتتا سەكرەش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولىدۇ. ئەركەك كېنگورۇنىڭ قىسقا ئارىلىقتىكى سۈرئىتى سائىتىگە 56 كىلومېتىرغا يېتىدۇ.



كېنگورۇنىڭ بالىسى يېڭى تۇغۇلغان چاغدا، بىر تال دادۇر چوڭلۇقىدا بولۇپ، يېتىلگەندىن كېيىن بەدىنىنىڭ چوڭلۇقى يېڭى تۇغۇلغان چاغدىكىنىڭ 60 مىڭ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق پەرق ھەقىقەتەن چوڭدۇر. ئۇنىڭ بالىسى ئاپىسىنىڭ خالتىسى ئىچىدە ياشايدۇ. يېڭى تۇغۇلغان ۋاقىتتا بەدىنىدە تۈكمۇ بولمايدۇ، كۆزىمۇ كۆرمەيدۇ. ئۇ تەبىئىي ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئاستا ـ ئاستا خالتىنىڭ ئىچىدىن ئۆملەپ چىقىدۇ. بالا كېنگورۇ ئانىسىنىڭ خالتىسىدا 11 ئاي تۇرغاندىن كېيىن تولۇق يېتىلىدۇ. بىر ئايلىق بولغاندا بالا كېنگورۇنىڭ ئارقا پۇتلىرى ۋە قۇيرۇقى يېتىلىشكە باشلايدۇ. يەتتە ئايلىق بولغاندا خالتىدىن بېشىنى چىقىرىدۇ ياكى خالتىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلالايدۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولىدۇ.



بېشىنى چىقىرىپ تۇرغان كېنگورۇ بالىسى



يېڭى تۇغۇلغان كېنگورۇ بالىسى



ئانىسىنى ئېمىۋاتقان كېنگورۇ بالىسى

# ياسانچۇق هايۋان ـ بۇغا

بۇغىنىڭ بەدەن شەكلى تولىمۇ چىرايلىق، ھەرىكىتى چەبدەس كېلىدۇ، ئادەتتە كوللېكتىپ تۇرمۇش كەچۈر
ئۇ سۈت ئەمگۈچى ھايۋان بولۇپ، ئۆسۈملۈك ۋە ئوت - چۆپلەرنى ئاساسىي ئوزۇق قىلىدۇ. كۆپىنچە بۇغىلار ئورمانلىق
ياشايدۇ. ئۇلار ياۋروپا، ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. بۇغىلارنىڭ تۈرى 42 خىلغا يېت

چېپار بۇغا بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە «كىيىم» ئالماشتۇر
مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىدۇ. پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىش
بۇغىنىڭ تېرىسىمۇ ئوخشاش بولمىغان رەڭلەرگە ئۆزگىرىدۇ. بۇ ئارقىل
يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىپ قالالايدۇ. بۇغا ئىنتاي
سەزگۈر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ بولۇك شەكلىدە كەلگەن قۇلىقى ھەرقاندا
تىۋىشلارنى ئاڭلىيالايدۇ. يوغان كۆزلىرى ئەتراپنى تولۇق كۆزىتەلەيدۇ





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هايۋانات دۇنياسى



بۇغىنىڭ قۇيرۇقى ھەم كىچىك، ھەم قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى مۇھىم بولغان سىگنال بەرگۈچى. دۈشمەنگە ئۇچرىغان بۇغا قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ پارقىراق يېرىنى كۆرسىتىپ ھەمراھلىرىغا سىگنال بېرىدۇ. بۇغا توپى بۇ سىگنالنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا دەرھال قاچىدۇ. ئاق قۇيرۇقلۇق بۇغا قاچقان چاغدا قۇيرۇقىنى دىڭگايتقاندا ئۇنىڭ ئاق تۈكلىرى كۆرۈنۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاق قۇيرۇقلۇق بۇغا دەپ ئاتىلىپ قالغان.



ئاق قۇيرۇقلۇق بۇغىنىڭ كۆزى بەك چىرايلىق بولۇپ، ئادەمنى مەپتۇن قىلىدۇ.



بۇغىنىڭ ئۇچلۇق مۈڭگۈزى ئۇنىڭ دۈئىلغا چىقىشتىكى ئاساسلىق قورالى ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە بۇغىنىڭ مۈڭگۈزىگە قاراپ ئۇنىڭ يېشىنى بەلگىلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ئەركەك بۇغا ئىككى ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭغا ئىككى تال مۈڭگۈز چىقىدۇ. ئۈچ ياشقا كىرگەندە چوڭ مۈڭگۈز چىقىدۇ. تۆت ياشقا كىرگەندە ئىككى ئاچىغا، بەش ياشقا كىرگەندە ئۈچ ئاچىغا، ئالتە ياشقا كىرگەندە تۆت ئاچىغا ئايرىلىدۇ. بەزى بۇغىلارنىڭ مۈڭگۈزى مىخقا، بەزىلىرىنىڭ دەرەخ شاخلىرىغا ئوخشايدۇ. بۇغىلارنىڭ مۈڭگۈزى كونىرىغان ۋاقىتتا چۈشۈپ كېتىپ، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن يەنە ئۆسۈپ چىقىدۇ، يېڭى ئۆسكەن ۋاقىتلاردا بېشىدىكى مۈڭگۈزلەر خۇددى مونەككە ئوخشايدۇ، كېيىن بارا - بارا يوغىنايدۇ.

# قورقۇنچاق ھايۋان ــ توشقان

توشقاننىڭ تۆت دانە ئالدى چىشى بار، ئۇ دائىم قاتتىق نەرسىلەرنى غاجاش ئارقىلىق چىشىنى بىلەيدۇ. ئۇ مۇلايىم، قورقۇنچاق بولۇپ، دائىم كېچىسى چىقىپ ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. توشقانلار ئۆزئارا سۈركىلىش ئارقىلىق بەدىنىنى ئىسسىتىدۇ. قىشتا بىر قانچە توشقان بىر يەرگە كېلىپ بەدىنىنى بىر ـ بىرىگە ئۇدۇللاپ قورسىقىنى بىر ـ بىرىگە سوقۇپ، بەدىنىنى تېزلا ئىسسىتىدۇ.







توشقاننىڭ كۆرۈش سەزگۈسى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئۇنىڭ پۇلتىيىپ چىققان كۆزلىر
ئەتراپنى تولۇق كۆرەلەيدۇ. ئۇزۇن قۇلاقلىرى ئاۋازغا ئىنتايىن سەزگۈر بولۇپ، يېقىنلا
كېلىۋاتقان خەۋپ ـ خەتەرنى ئاسانلا سېزىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ قا
ئايلىنىشى تېز بولۇپ، ئىسسىقلىق تارقىتىش رولىنى ئوينايدۇ. بەدىنىدىكى ئىسسىقلىق
توختىماستىن سىرتقا چىقىرىپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ. يېرىلىپ كەتكەندەك
كۆرۈنىدىغان بۇرنى يېقىن ئەتراپتىكى دۈشمەنلىرىنىڭ ھىدىنى ئاسانلا سېزىۋالىدۇ
ئۇنىڭ ئارقا پۇتى ئالدى پۇتىدىن ئۇزۇن بولۇپ، ئۇۋىسىغا ياكى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ
ئارىسىغا تېز قېچىپ كىرىۋېلىشقا ماھىر.





توشقان سەۋزە، كۆكتات ۋە ئوت ـ چۆپلەرنى يېيىشكە ئامراق، ئۇنىڭ تۈكى ئىنتايىن قېلىن بولۇپ، قىشتا ئاسانلىقچە توڭلىمايدۇ. توشقاننىڭ ئۇۋىسى ئەگرى ـ بۈگرى يەر ئاستى يوللىرى بولۇپ، ئۇ خۇددى ئېزىتقۇ سارايغا ئوخشايدۇ. كۆپىنچە توشقانلار ئورەك كولاشقا ماھىر كېلىدۇ، قازغان ئورەكلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، توشقانلارنىڭ تۈرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ياسىغان ئۇۋىلىرىنىڭ ھەر تەرەپكە تۇتاشقان ئېغىزى بولۇپ، ئەڭ چوڭقۇرلىرى ئۈچ مېتىر، ئەڭ ئۇزۇنلىرى 45 مېتىرغا يېتىدۇ. توشقان ناھايىتى تېز كۆپىيىدىغان ھايۋان بولۇپ، بىر يىلدا 30 غا يېقىن تۇغالايدۇ.





توشقاننىڭ ناھايىتى چوڭ بۇرما شەكىللىك قارىنغۇ ئۈچەيى بولۇپ، ئۈچەيدە ناھايىتى مول بولغان ئۈچەي يولى باكتېرىيەسى بار، ئۇ توشقانغا كېرەكلىك بولغان ئوزۇقلۇق ماددا ۋە ۋىتامىنلارنى تولۇقلايدۇ. توشقان چىقارغان يۇمشاق ماياقلاردا ناھايىتى مول بولغان ئاقسىل، ۋىتامىنB ۋە ئۈچەيگە پايدىلىق باكتېرىيەلەر بولغاچقا، توشقانلار ئۆزىنىڭ مايىقىنى يەيدۇ، بۇ نورمال ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ.

# تورنىك ماھىرى — مايمۇن

مايمۇن ئىنتايىن ئەقىللىق بولۇپ، توپلىشىپ ياشايدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى كۆكتات ۋە مېۋە يەيدۇ.

مايمۇن ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرى بەكمۇ كۆپ، ئۇلار ياللىق مايمۇن، ماكاكا، ئۇزۇن بۇرۇنلۇق مايمۇن، ھەرە مايمۇن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. گەرچە ئۇلارنىڭ بەدىنىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، تېرىسىنىڭ رەڭگى، چىراي- شەكلى بىر - بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، كۆپ سانلىق مايمۇنلار ناھايىتى چاققانلىق بىلەن دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدا سەكرەپ يۈرۈپ ئوزۇقلۇق تېپىپ يېيەلەيدۇ. مايمۇن توپى ئاۋۇغان ياكى ئوزۇقلۇق ئاز پەسىللەردە كۆپ ھاللاردا كوللېكتىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئادەتتىكى بىر توپتىكى مايمۇنلارنىڭ سانى 30~50 كە، چوڭ توپتىكى مايمۇنلارنىڭ سانى 200 گە يېتىدۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەقىللىق ھايۋان — ئورانگۇتان



ئورانگۇتاننىڭ قۇيرۇقى بولمايدۇ، ئۆرە بولۇپ ماڭالايدۇ. ئۇلار ئىنسانلارغا ئوخشاش بەزى ھەرىكەتلەرنى قىلىپلا قالماي، بەلكى بەزى نەرسىلەرنى ياسىيالايدۇ.

ئۇلار ئاساسەن ئورمانلىقلاردا ياشايدۇ. كۆكتاتلارنى ئاساسىي ئوزۇق قىلىدۇ. ئۇ يوغان ۋە ئەقىللىق ھايۋان. تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، بەزى قارا ئورانگۇتانلار مەشىق ئارقىلىق بەزى تېخنىكا ۋە شەرەتلەرنى ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى كومپيۇتېرنىڭ كۇنۇپكا تاختىسى ئارقىلىق سۆزلەرنى ئۆگىنەلەيدىكەن، ھەتتا ئىقتىدارى ئىككى ياشلىق بالىنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدىكەن.



ئورانگۇتاننىڭ ئىككى خىل تۈرى بار بولۇپ، ئۇلار چوڭ بىلەكلىك ئورانگۇتان ۋە كىچىك ئورانگۇتاندىن ئىبارەت. كىچىك ئورانگۇتاننىڭ تېنى كىچىك بولۇپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئورمانلىقلىرىدا ياشايدۇ. ئۇ ئىنتايىن زېرەك كېلىدۇ. چوڭ ئورانگۇتاننىڭ ئاسىيا چوڭ ئورانگۇتانى، ئافرىقا چوڭ شىمپەنزىسى، ئادەتتىكى قارا شىمپەنزە، پاكار قارا شىمپەنزە دېگەندەك تۈرلىرى بار.



ئۇزۇن بىلەكلىك ئورانگۇتان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ھىندونېزىيەدىكى ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمانلىقلىرىدا ياشايدۇ. ئۇ كۆپىنچە دەرەخ شاخلىرىدا ياشايدۇ. ئۇلار مېۋە ۋە يۇمران دەرەخ شاخلىرىنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن بېلىكى، قول بېغىشى، بارمىقى ۋە تىرناقلىرى ئۇلارنىڭ ئورمانلىق ئىچىدە شاختىن ـ شاخقا ئېسىلىپ يۈرۈشىگە تولىمۇ ماسلاشقان. ئۇزۇن بىلەكلىك ئورانگۇتانلار ئادەتتە كىچىك توپ بولۇپ ياشايدۇ.

يېتىلگەن ئورانگۇتانلار سەھەر ۋە ئاخشاملىرى ھۇۋلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلغانلاردىن مۇداپىئە كۆرىدۇ.





ئورانگۇتانلار ئادەملەرگە ئوخشاش نۇرغۇن ۋاقتىنى بالا تەربىيەلەشكە ئاجرىتىدۇ. بالىلىرى ئانىسىنى قۇچاقلاش ئارقىلىق ئىسسىقلىق ئالىدۇ. ئانىسى ئۇلارنى ھەر دائىم بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ. كىچىك ئورانگۇتان ئانىسىنىڭ يېنىدا 13 ياشقىچە تۇرىدۇ. 13 ياشقا كىرگەندە ئۇ يېتىلگەن ھېسابلىنىدۇ.





قارا شىمپەنزە ئافرىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاغلىق ۋە ئورمانلىقلاردا ياشايدۇ. ئۇ ناھايىتى قاۋۇل ۋە كۈچلۈك كېلىدۇ، ئۇنىڭ مۇرىسى ناھايىتى كەڭ، بۇرنى پاناق، پۈتۈن بەدىنى قاپقارا تۈكلەر بىلەن قاپلانغان. ئۇلارنىڭ ياشاش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، ئۇلار مېۋە، دەرەخ شاخلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقلىدىن پايدىلىنىپ بەزى قوراللارنى ياسىيالايدۇ. ئۇ ئادەتتە ئاق چۈمۈلىنى تۇتۇپ يېيىشكە ئامراق. ئۇ دەرەخ شاخلىرىدىكى يوپۇرماقلارنى سىرىۋېتىپ ئىنچىكە چىۋىقنى چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسىغا تىقىپ، چىۋىققا يامىشىپ چىققان بارلىق ئاق چۈمۈلىلەرنى تىلى بىلەن يالاپ يەۋېتىدۇ. ئۇ يەنە دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى چايناش ئارقىلىق ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرىدۇ. قاتتىق پوستلۇق ئۆسۈملۈكلەرنى تاش بىلەن چېقىپ يەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





# ئۇيقۇسى قاتتىق هايۋان ــ تىيىن

تىيىن خاسىڭ، ياڭاق ۋە كاشتان قاتارلىق قاتتىق پوستلۇق يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە ئامراق. ئۇنىڭ چىشى توختىماستىن ئۆسۈپ تۇرىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق قاتتىق نەرسىلەر بىلەن چىشىنى ئۇپرىتىپ تۇرمىسا چىشلىرى داۋاملىق ئۆسۈۋېرىپ ئاغزىنى تېشىپ چىقىدۇ.

تىيىننىڭ ئۆتكۈر بىر جۈپ كۆزى بار، ئۇلار شاختىن ـ شاخقا سەكرەپ يۈرگەچكە، كۆزلىرى ئىككى دەرەخ ئارىسىدىكى ئارىلىقنى پەرق ئېتىشكە ناھايىتى ماھىر. ئۇ ئالدى ، ئارقا پۇتلىرىدىكى نېپىز پەردە ئارقىلىق ناھايىتى ئۇزۇن بولغان ئارىلىقلارغا سىيرىلىپ چۈشەلەيدۇ.

تىيىننىڭ كۆپ ئىقتىدارلىق قۇيرۇقى بار، ئۇخلىغاندا قۇيرۇقىنى ئىسسىق يوتقان قىلىپ يېپىنىدۇ، دەرەختىن يەرگە سەكرىگەندە پاراشوت رولىنى ئوينايدۇ؛ سۇدىن ئۆتكەندە دەرەخ قوۋزاقلىرىنى كېمە قىلىپ قۇيرۇقىنى يەلكەن ئورنىدا ئىشلىتىدۇ؛ دۈشمەنگە ئۇچراپ قالسا قۇيرۇقىنى بىر سىلكىپلا ئۇنىڭدىن قېچىپ كېتىدۇ؛ ناۋادا تىيىنلار يىلانغا ئۇچراپ قالسا، قۇيرۇقىنى ئۈچ قېتىم سىلكىپ قېرىنداشلىرىغا ئېھتىيات قىلىشنى ئاگاھلاندۇرىدۇ؛ ئەگەر ھوجۇمغا ئۆتمەكچى بولسا ، قۇيرۇقىنى ئىككى قېتىم سىلكىيدۇ؛ ھوجۇمدىن توختىماقچى بولسا بىر قېتىم سىلكىپ توختايدۇ.



قويۇق تۈكلۈك قۇيرۇقى ئۇنىڭ دەرەختە
سەكرىگەن ۋاقىتتا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ.



هايۋانات دۇنياسى





تىيىن دائىم باشقا قۇشلار ئىشلەتكەن چاڭگىلارغا ئۇۋا ياسايدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپى دەرەخ شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلاردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. بۇنداق چاڭگىلار دەرەخ غوللىرى يېنىدىكى دەرەخ ئاچىلىرى ئىچىدە بولۇپ، شامالدىن دالدا بولغىلى بولىدۇ.



تىيىن قىشلىق ئۇچەككە كىرگەندە يۈرەك سوقۇشى ۋە نەپەس ئېلىشى ئاستىلاپ، خۇددى ئۆلۈككىلا ئوخشاپ قالىدۇ. ھەرقانداق كىشى قانداق سىلكىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ كۆزىنى پەقەت ئاچمايدۇ، ھەتتا يىڭنە سانجىسىمۇ ئويغانمايدۇ.

# يەر بېغىرلىغۇچى هايۋان — يىلان





يىلاننىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، 3000 خىلدىن ئارتۇق يىلان جەنۇبىي قۇتۇپتىن باشقا بارلىق قىتئەلەرگە تارقالغان. ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇق پەرقى چوڭ بولۇپ، ئەڭ كىچىكىنىڭ 11 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئەڭ چوڭىنىڭ 10 مېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇ گۆشخور هايۋان بولۇپ، ئەڭ كىچىككى چۈمۈلە، قۇلۇلە، چاشقان، پاقىدىن تارتىپ قوي، تىمساھقىچە ھەممىنى يېيەلەيدۇ. كۆپىنچە يىلانلار ئوزۇق يېيىشتىن بۇرۇن ئولجىسىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ. يىلاننىڭ زەھەرلىك سۈيۈقلۇقى ئۇلارنىڭ تېنىگە كىرىشى ھامان ئۇلار ھوشسىزلىنىدۇ. يىلان ناھايىتى قالتىس، ئۇنىڭ پۇتى، قولى، قانىتى يوق تۇرۇپمۇ بىمالال ماڭالايدۇ. بەزى يىلانلار بەدىنىنى تولغاپ « S » شەكلىگە كەلتۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ؛ بەزى يىلانلار بىر سوزۇلۇپ، بىر تۈگۈلۈپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، ئېغىرراق يىلانلار تۈز سىزىق بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

يىلانلار ئادەتتە زەھەرلىك ۋە زەھەرسىز يىلان دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. دۇنيادا 600 خىلدىن ئارتۇق زەھەرلىك يىلان بار. ئۇلار زەھەرلىك چىشلىرى ئارقىلىق ئولجىسىنى زەھەرلەندۈرىدۇ.







كۆزەينەكلىك يىلاننىڭ زەھىرى ئولجىنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىتىپ يۈرەك ۋە ئۆپكە ھەرىكىتىنى توختىتىپ، مۇسكۇللىرىنى ھوشسىزلاندۇرىدۇ.

شالدىراق قۇيرۇقلۇق يىلان ۋە باشقا يىلانلار ئولجىسىنىڭ قان ئايلىنىش سىستېمىسى ۋە توقۇلمىلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ. شالدىراق قۇيرۇقلۇق يىلان تۇغۇلۇشى بىلەنلا ھەرىكەتلىنەلەيدۇ. ئانىسى ئۇنى تۇغۇپلا كارى بولمايدۇ. ئۇ بىر خىل زەھەرلىك يىلان بولۇپ، قۇيرۇقنى مىدىرلاتسىلا كۈچلۈك ئاۋاز چىقىرىدۇ. كۆپ ساندىكى ئالىملار شالدىراق قۇيرۇقلۇق يىلاننىڭ ئاۋاز چىقىرىشى باشقا ھايۋانلارغا گويا: « ھەي بۇرادەر، مېنى دەسسىۋالغىلى تاس - تاس قالدىڭ! » ، «ماڭا يېقىنلاشماڭلار! » دېگەن مەنىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى ئالىملار بولسا، يىلاننىڭ بۇنداق ئاۋاز چىقىرىشى ئۆزىگە ئوزۇقلۇق قىلىدىغان قۇش ياكى باشقا ھايۋانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن دەپ قارايدۇ. ئەمما، قۇشلار ئادەتتە شالدىراق قۇيرۇقلۇق يىلان چىقارغان ئاۋازنى قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتىپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ. بىراق ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىنى بىر ئېچىرقىغان يىلان بولىدۇ.

يىلاننىڭ تېرىسى قوڭۇر ياكى كۆل رەڭ بولىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شالدىراق قۇيرۇقلۇق يىلاننىڭ كۆزى ۋە بۇرنى ئارىلىقىدا ئالاھىدە سەزگۈ ئەزاسى بولۇپ، ئەتراپتىكى تېمپېراتۇرىنىڭ كىچىككىنە ئۆزگىرىشلىرىنى سەزگەندىن باشقا، ئەتراپتىكى باشقا ھايۋانلاردىن كەلگەن ئىسسىقلىقنىمۇ سېزەلەيدۇ.

دەرەختە ياشايدىغان يىلاننىڭ تېنى بەك توم بولۇپ، دەرەخ شاخلىرىغا يۆگىلىۋېلىپ ئولجىنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتىدۇ. ھۇجۇمى ئوڭۇشلۇق بولۇپ قالسا ئۆزىنىڭ تېنى بىلەن يۆگەپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويالايدۇ.



دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن يىلاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 مېترغا يېتىدۇ. ئۇلار شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئورمان رايونىدا قۇرۇپ كەتكەن يوپۇرماقلار ئارىسىدا ياشايدۇ، كىچىك ھايۋانلارنى ئوزۇق قىلىدۇ.



يىلانلار ئادەتتە بىر يىلدا ئالتە قېتىم قاسىراق تاشلايدۇ. ئۇ قاسىراق تاشلاشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ يېڭى قاسىراقلىرى ئاللىقاچان ئۇنىڭ كونا قاسىرىقىنىڭ ئاستىدا يېتىلىپ بولغان بولۇپ، كونا قاسىراقلىرى تاشلانغان ھامان پارقىراپ يېڭىسى چىقىدۇ.



بەزى يىلانلار ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ۋاقىتتا قۇيرۇقىنى تاشلاپ قاچىدۇ؛ بەزىلىرى ساختا رەڭگە كىرىۋالىدۇ؛ بەزىلىرى بولسا ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالىدۇ. بىر قىسىم زەھەرسىز يىلانلار زەھەرلىك يىلانلارنىڭ رەڭگىگە كىرىپ ھۇجۇم قىلغۇچىنى قاچۇرۇۋېتىدۇ.



هايۋانات دۇنياسى



## قورقۇنچلۇق ھايۋان — تىمساھ

تىمساھ بىر خىل ياۋۇز مىجەزلىك ھايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئاستى - ئۈستى ھەممە يېرى ساۋۇتقا ئوخشاش قېلىن قاسىراقلار بىلەن ئورالغان. ئاغزىدا گىرەلىشىپ كەتكەن خەنجەردەك ئۆتكۈر چىشلىرى بار. تىمساھنىڭ كۈچلۈك قۇيرۇقى پالاققا ئوخشاش ئوڭ - سولغا ھەرىكەتلىنىپ بەدىنىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدۇ. سۇ ئۈزگەندە ئۇ تۆت پۇتىنى بەدىنىگە چىڭ چاپلاپ، سۇنىڭ قارشىلىق كۈچىنى ئازايتىپ، سۈرئىتىنى ئاشۇرىدۇ. تىمساھ بەكمۇ ھورۇن بولۇپ، ئىنتايىن ئاز ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەتىگەندە دەريا سۈيى ئىسسىشقا باشلىغاندا ئۇلار ئاپتاپقا قاقلىنىدۇ. تىمساھنىڭ تۇمشۇقى ئۇنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاغزىدىكى قان تومۇرلار تېرىسىنىڭ رەڭگىگە يېقىن كەلگەچكە، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى ناھايىتى تېز قانغا يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ.



ئۇزۇن تۇمشۇقلۇق تىمساھ — قىسقا تۇمشۇقلۇق تىمساھ — ئۇچلۇق تۇمشۇقلۇق تىمساھ

تىمساھ ئاغزىنىڭ شەكلىگە قاراپ ئۇزۇن تۇمشۇقلۇق تىمساھ، قىسقا تۇمشۇقلۇق تىمساھ، ئۇچلۇق تۇمشۇقلۇق تىمساھ دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. تىمساھ ئوۋلايدىغان ئولجىسىغا ئاساسەن پەرقلىنىدۇ.

ئۇزۇن تۇمشۇقلۇق تىمساھنىڭ تۇمشۇقى ئۇزۇن بولۇپ، بېلىقنى ياخشى تۇتالايدۇ. قىسقا تۇمشۇقلۇق تىمساھنىڭ تۇمشۇقى قىسقا ھەم كەڭ بولۇپ، خېلى چوڭ ھايۋانلارنىمۇ تۇتۇپ يېيەلەيدۇ. تىمساھ كۆزىنىڭ ئەتراپىدا تۇز ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان تۇز بېزى بولىدۇ. ئۇلار ئولجىسىنى چىشلەپ يېگەندە تۇز بېزى تۇز سۈيۈقلۇقىنى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ بەدىنىدىكى تۇز ماددىسى سىرتقا چىقىرىۋېتىلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا تىمساھ يىغلاۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.







تىمساھنىڭ چىشى توختىماي ئۆسۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆتكۈر يېڭى چىشلار كونا چىشلارنى قىستاپ چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئولجىسىنىڭ سۆڭىكىنى يانجىپ تاشلايدۇ.

تىمساھ كۈچلۈك ئېڭىكى ۋە ئۇچلۇق ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن ئولجىسىنى سۇغا سۆرەپ كىرىپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ ئولجىنى چاينىمايلا تىنتۇۋېتىدۇ. بالا تىمساھلار ئادەتتە كىچىك راك، قۇرت - قوڭغۇز، پاقا قاتارلىقلارنى يەيدۇ، چوڭ بولغاندىن كېيىن بېلىق، ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكى قاتارلىقلارنى يەيدۇ. ئۇلار بەزىدە نەچچە سائەتلەپ مىدىرلاپ قويماستىن سۇ قۇشلىرى ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ. تىمساھ ئەڭ ئۇزۇن ياشىغاندا 30~35 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ.





# ئۆزىنى قوغداش ماھىرى — كەسلەنچۈك

يالىلىق كەسلەنچۈك دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئوتخور كەسلەنچۈكنىڭ بىرى، ئۇ كۆپ ۋاقتىنى دەرەختە ئاپتاپ سۇنۇپ ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئۆتكۈر ھەم ئۇچلۇق پەنجىسى بولۇپ، دەرەخكە يامىشىپ چىقىشقا ماس كېلىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كەسلەنچۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر، ئېغىرلىقى 150 كىلوگىرام بولۇپ، كەسلەنچۈك دۇنياسىدا « گىگانت » ھېسابلىنىدۇ.



كەسلەنچۈكنىڭ رەڭ ئۆزگەرتىش جەريانى



سېرىق، قارا رەڭ ئارىلاش كەلگەن زەھەرلىك كەسلەنچۈكنىڭ چوڭ قۇيرۇقىنىڭ ياغنى زاپاس ساقلاش رولى بولۇپ، ئوزۇق كەمچىل ۋاقىتتا، بەدىنىدە ئېنېرگىيەنىڭ خورىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ھەسەن - ھۈسەن رەڭلىك كەسلەنچۈكنىڭ بېشى ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە بولۇپ، تېرىسىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، كېكىرتىكىنىڭ ئاستىدا گارمونسىمان پۇرمىسى بولىدۇ، كەسلەنچۈك خەتەرگە يولۇققاندا پۇرمىسىنى كېرىپ دۈشمەنگە ھەيۋە كۆرسىتىدۇ. ئەركەكلىرىنىڭ دۈمبىسىدە يەنە تاجسىمان قاسىرىقى بولىدۇ، روھلانغاندا قاسىراقلىرى تىك تۇرىدۇ.

ناۋادا كەسلەنچۈكنىڭ رەقىبلىرى ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتىۋالسا، ئۇچلۇق قۇيرۇقىنى تاشلاپلا قېچىپ كېتىدۇ. كېيىنكى بىر نەچچە ھەپتىدە قۇيرۇقى يەنە ئۆسۈپ ئەسلىي ھالىتىگە كېلىدۇ.



قۇيرۇقىنى تاشلاپ كەتكەن ھالىتى

ئىككى ئايدىن كېيىن ئۆسكەن قۇيرۇقى

سەككىز ئايدىن كېيىن ئەسلىي ھالىتىگە كەلگەن قۇيرۇقى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



# ئۇستا بىناكار ــ قۇندۇز



قۇندۇز هايۋانلار ئىچىدە بىناكار دەپ نام ئالغان. ئۇ ئاساسەن سۇدىكى ئۇششاق جانلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. سۇ ئىچىگە ماكانلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بىر خىل قىزىقىشى بار، يەنى ئۇ دەريا بويى، تېيىز ساھىللاردا دەرەخ شېخى، تاش ۋە لايدىن دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كىچىك توسما ياساپ، ئېقىننى توسۇپ، كىچىك « كۆل » بىنا قىلىدۇ. ئاندىن ئاشۇ خىلۋەت « كۆل » ئىچىگە ئۆي سالىدۇ.

قۇندۇزنىڭ ئۆيى دەرەخ شېخى ۋە لايدىن ياسىلىدۇ. ئۆينىڭ ئىچى ئىككى قەۋەتكە بۆلۈنىدۇ. ئۈستۈنكى قەۋىتى سۇ ئۈستىگە چىقىپ تۇرىدىغان ئۆي بولۇپ، ئىنتايىن قۇرغاق، بۇ قۇندۇزنىڭ ئۇخلايدىغان ۋە ئارام ئالىدىغان ئۆيىدۇر. ئاستىنقى قەۋىتى سۇنىڭ ئاستىدا بولۇپ، بۇ يەردە ئوزۇق ساقلىنىدۇ. ئۆينىڭ ئۈچ چىقىش ئېغىزى بولىدۇ. بىر چىقىش ئېغىزى يەر يۈزىگە تۇتىشىدۇ. قالغان ئىككى چىقىش ئېغىزى سۇ ئاستىغا تۇتىشىدۇ. شۇڭا، بۇ ئۆي بەكمۇ بىخەتەر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنتايىن جاپادا سالغان بۇ ئۆيىنى بەكمۇ قەدىرلەيدۇ ۋە بەكمۇ پاكىز تۇتىدۇ. بىرەر تال ئەخلەت چىقىپ قالسا سۇغا تاشلاپ تۇرىدۇ. ناۋادا هايۋانات دۇنياسىدا « ئەڭ ياخشى تازىلىقچى» نى مۇكاپاتلاش توغرا كەلسە قۇندۇزنىڭ بىرىنچى بولۇشىدا گەپ يوق.







# مىس - مىس هايۋان ــ تاشپاقا



هازىر دۇنيادا تەخمىنەن 200 خىلچە تاشپاقا بار. ئەڭ كىچىك چېكىتلىك تاشپاقا ئاران 0.5 كىلوگىرام كەلسە، ئەڭ چوڭ چىغناقسىز تاشپاقا 750 كىلوگىرام كېلىدۇ. تاشپاقىلار تاتلىق سۇ تاشپاقىسى، دېڭىز تاشپاقىسى ۋە قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. تاتلىق سۇ تاشپاقىسى دەريا - كۆللەردە ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ پۇتىدا ئۈزۈش پەردىسى بولىدۇ، قېپى ياپىلاقراق كېلىدۇ. دېڭىز تاشپاقىسى دېڭىز - ئوكيانلاردا ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ پالاقچىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، يىراق - يىراقلارغا ئۈزەلەيدۇ. قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى قۇرغاق يەرلەردە ياشايدۇ.

قۇرۇقلۇق تاشپاقىسىنىڭ ھەرىكىتى باشقا تاشپاقىلاردىن ئاستا بولۇپ، بەش سائەتتە ئاران 1.6 كىلومېتىر ماڭالايدۇ. ئەمما، ئۇ « ماڭا تېز يۈگۈرۈشنىڭ هاجىتى يوق » دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۆسۈملۈكلەرنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ، ھەتتا قوملۇق چۆللۈكلەردىكى كاكتۇسنىمۇ يەيدۇ. قۇرۇقلۇق تاشپاقىلىرى خاتىرجەم، مۇلايىم ياشايدۇ. ئۇلارنى ساراسىمىگە سالىدىغان ياكى هاياجانلاندۇرىدىغان ئىشلار يوق دېيەرلىك. ئىككى ئەركەك تاشپاقىنىڭ ئۇرۇشىشى خۇددى ئاستا ھەرىكەتلىك جەڭ فىلىملىرىغا ئوخشايدۇ. قۇرۇقلۇق تاشپاقىلىرى قېپى بىلەن تاكى قارشى تەرەپنى يىقىتقانغا قەدەر بولدى قىلمايدۇ. بۇنداق جەڭ بىر نەچچە سائەت داۋاملىشىدۇ.



قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى قۇرۇقلۇقتا ياشايدۇ، سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدۇ، تاتلىق سۇ تاشپاقىسى سۇ ئۈزەلەيدۇ، كۆپ ساندىكى قۇرۇقلۇق تاشپاقىسىنىڭ ئېگىز، يۇملاق شەكىللىك قېپى بولىدۇ. تاتلىق سۇ تاشپاقىسىنىڭ قېپى ياپىلاقراق كېلىدۇ.



قۇرۇقلۇق تاشپاقىسىنىڭ پۇتىدا قېلىن تەڭگە قاسىراقلار بولىدۇ، خەۋپكە يولۇققان هامان ئالدى پۇتى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالىدۇ. تاتلىق سۇ تاشپاقىسىنىڭ يۈزىنى توسۇشى هاجەتسىز، چۈنكى ئۇلار پۇت ۋە يۈزىنى قېپى ئىچىگە يوشۇرالايدۇ. نۇرغۇن قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى كاكتۇس ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەرنى يەپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرالىغاچقا قۇرغاق يەرلەردىمۇ ياشىيالايدۇ.

تاتلىق سۇ تاشپاقىسىنىڭ پۇتى ئورۇق ۋە ياپىلاقراق بولۇپ، سۇ ئۈزۈشكە باب كېلىدۇ. قۇرۇقلۇق تاشپاقىسىنىڭ بەردەم پۇتى قۇرۇقلۇقتا هەرىكەتلىنىشكە باب كېلىدۇ. ئۇنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدا سۇ ئۈزۈش پەردىسى بولمايدۇ. ئەمما، قۇرۇقلۇق تاشپاقىسىنىڭ ئارقا پۇتىدا تۆت بارمىقى، تاتلىق سۇ تاشپاقىسىنىڭ ئارقا پۇتىدا بەش بارمىقى بولىدۇ.

هەر يىلى مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان دېڭىز تاشپاقىسى كوستارىكاغا يېقىن دېڭىز ساھىلىغا جەم بولۇپ تۇخۇم تۇغىدۇ. بۇ چاغدا پۈتكۈل ئارال ئۇلارنىڭ دۇنياسىغا ئايلىنىدۇ. دېڭىز تاشپاقىسى ئادەتتە كېچىسى تۇخۇم تۇغىدۇ، ئەمما بەزى چىشى تاشپاقىلار كېچە بولۇشنى كۈتمەيلا تۇغۇۋېرىدۇ. ئۇلار تۇخۇمنى تۇغۇپ بولۇپلا ئۆزىنى دېڭىزغا ئاتىدۇ. ئىككى - ئۈچ ئايدىن كېيىن دېڭىز تاشپاقىلىرى تۇخۇمدىن چىقىدۇ - دە، دېڭىز ساھىلىدىكى قۇم ئارىسىدىن دېڭىزغا چۈشۈپ ئانىلىرىنى ئىزدەيدۇ. بۇ چاغدا بىر قىسىم بالا تاشپاقىلار دېڭىز قۇشلىرى ۋە قىسقۇچپاقىلارنىڭ مەززىلىك ئوزۇقىغا ئايلىنىدۇ. بىر قىسمى نىشان نۇر تەرەپتە دەپ قاراپ، ، چىراغلار ۋىلىلداپ تۇرغان شەھەرلەرگە كىرىپ قالىدۇ . نەتىجىدە ئادەملەر ياكى ئاپتوموبىللار ئۇلارنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. خېلى كۆپ قىسىم بالا تاشپاقىلارنى لەھەڭ ۋە باشقا بېلىقلار يەۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ. تاشپاقىلار ئانىلىرىنى تاپالمايدۇ. ئەمما، بۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ئاتا - ئانا بولۇپ قالىدۇ.









# تىكەنلىك هايۋان — كىرپە

كىرپە ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا قىتئەلىرىدە ياشايدۇ. كىرپىنىڭ قورسىقىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنىنى پولات يىڭنىگە ئوخشاش قاتتىق تىكەنلەر ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ تىكەنلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2~3 سانتىمېتىر كېلىدۇ . بۇ تىكەنلەر رەتسىز ئۆسكەن بولۇپ هەم قىسقا، هەم قويۇق، ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. ئۇ دۈشمىنىگە ئۇچرىغاندا تۈگۈلۈپ تىكەنلىك شارغا ئايلىنىۋالغاچقا دۈشمەنلىرى ئۇنىڭغا يېقىنلىشالمايدۇ. كىرپە بېشى، پۇتى ۋە قۇيرۇقىنى يوشۇرۇپ بەدىنىنى شارسىمان هالەتكە كەلتۈرۈپ، بەدىنىنىڭ يۇمشاق جايلىرىنى قوغدايدۇ.

كىرپىنىڭ كېكىردىكىدە يۇمشاق سۆڭەك بولۇپ، ئېغىز بوشلۇقى ۋە كېكىردىكىنى ئايرىپ تۇرىدۇ ، شۇنداقلا نەپەس يولىنى قوغدايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئۈچەككە كىرگەندە خۇددى نەپسى توختاپ قالغاندەك بولۇپ قالىدۇ.



كىرپىنىڭ تۈگۈلۈۋالغان هالىتى



دۈشمەنلىرى كەتكەندىن كېيىن كىرپە بەدىنىنى ئاستا - ئاستا ئېچىشقا باشلايدۇ



بېشىنى ئاستا چىقىرىپ تۆت ئەتراپىنى كۆزىتىۋاتقان كىرپە



بەدىنىنى ئۆرۈپ، بەدىنىنىڭ يۇمشاق قىسىملىرىنى قوغدايدۇ.





ئەسلي هالىتىگە قايتقان كىرپە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# ئوماق هايۋان ــ كاۋلا

كاۋلا ــ كاۋلا ئېيىقى ۋە دەرەخ خالتىلىق ئېيىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كاۋلانىڭ يەر شارىدا ياشاپ كېلىۋاتقىنىغا 15 مىليون يىل بولدى. كاۋلا ئەمەلىيەتتە ئېيىق ئەمەس، ئۇ خالتىلىقلار تۈرىدىكى سۈت ئەمگۈچى هايۋانغا كىرىدۇ. كاۋلانىڭ بەدىنىدىكى خالتا مەخسۇس باللىرىنى بېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.



كاۋلا ياۋاش، هەييار، كەم ئەقىل بولۇپ، دۇنيادىكى ئوماق هايۋانلارنىڭ بىرى. ئاۋستىرالىيەلىكلەر كاۋلانى خۇشاللىق ۋە خەيرلىكنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ. كاۋلا ئاۋستىرالىيەنىڭ ئالاھىدە هايۋىنى. ئاۋستىرالىيەنىڭ شەرقىي قىسمىدا كەڭ كەتكەن ئېۋكالىپت ئورمانلىقى بار، كاۋلا ئېۋكالىپت يوپۇرمىقىنىلا يېگەچكە، بۇ جاي كاۋلانىڭ ئاساسلىق ياشاش ماكانى بولۇپ قالغان. ئاۋستىرالىيەنىڭ شەرقىي قىسمىدا ياشايدىغان كاۋلالار ئېۋكالىپت يوپۇرمىقىنى يەيدىغان بولغاچقا، ئۇلار ياشايدىغان رايونلارمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەدەن شەكلى ۋە تۈكىمۇ زور پەرقلىنىدۇ.



كاۋلانىڭ يوغان بۇرنى ئۇنىڭ يەيدىغان نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. كاۋلا نەرسە يېيىشتىن ئىلگىرى هەربىر يوپۇرماقنى بىر- بىرلەپ پۇراپ چىقىدۇ. ئاۋادا باشقىچە پۇراق بولسا بۇ خىل يوپۇرماقنى هەرگىز يېمەيدۇ.

يېڭى جەنۇبىي ۋېلس ئىشتاتىدىكى كاۋلالارنى كىشىلەر ئەڭ تىپىك كاۋلالار دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ تۈكى قېنىق قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، قېلىن بولىدۇ.

ۋىكتورىيە ئىشتاتىدىكى كاۋلالار ئاۋستىرالىيەدىكى ئەڭ سوغۇق رايوندا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ قېلىن هەم پاخپىيىپ تۇرىدىغان قېنىق قىزغۇچ رەڭلىك تۈكى سۇس رەڭلىك تۈككە قارىغاندا قۇياش نۇرىنى تېخىمۇ كۆپلەپ قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى باشقا جايلاردىكى كاۋلالارغا قارىغاندا سوغۇققا بەرداشلىق بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

ۋىكتورىيە ئىشتاتىدىكى كاۋلالار بارلىق كاۋلالار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ كاۋلا هېسابلىنىدۇ.





كۋېنسلېند ئىشتاتىدىكى كاۋلالار ئاۋستىرالىيە بويىچە ئەڭ مۆتىدىل جايلارنىڭ بىرىدە ياشايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تۈكى ناهايىتى يۇپقا بولىدۇ. نۆۋەتتە كىشىلەرنىڭ كاۋلالارنى باشقا دۆلەت ۋە رايونلارغا ئېلىپ بېرىپ بېقىشى ناهايىتى قىيىن، چۈنكى كاۋلا بەك ئوزۇق تاللايدۇ. دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىدىكى نۇرغۇن هايۋانات باغچىلىرى كاۋلانى بېقىشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، ئاخىردا مەغلۇپ بولغان.



كاۋلا ئېگىز دەرەخ ئۈستىدە ياشايدىغان بولغاچقا، ياشاش شارائىتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى تۈك ناهايىتى قېلىن بولىدۇ





كاۋلا دېگەن سۆز ئاۋستىرالىيەلىكلەرنىڭ يەرلىك تىلىدا «سۇ ئىچمەس» دېگەن مەنىدە. ئۇنداقتا ئۇ راستتىنلا سۇ ئىچمەمدۇ؟ شۇنداق، كاۋلا راستتىنلا بىر نەچچە ئايغىچە، هەتتا بەزى كاۋلالار ئۆمۈرۋايەت سۇ ئىچمەيدۇ. لېكىن سىز بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلماڭ، ئۇنىڭ ئاغزىدىكى ئېۋكالىپت يوپۇرمىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ كاۋلا ئەنە شۇ يوپۇرماقتىن ئۆزى ئېھتىياجلىق سۇغا ئېرىشىدۇ. كاۋلا مۇشۇ خىل دەرەخ بار جايدىلا ياشىيالايدۇ. ئېۋكالىپت يوپۇرمىقى باشقا سۈت ئەمگۈچى هايۋانلارغا نىسبەتەن زەهەرلىك هېسابلىنىدۇ، ئەمما كاۋلا ئۈچۈن بۇنىڭ هېچقانداق خەتىرى يوق. چۈنكى، كاۋلانىڭ ئاشقازىنىدا بىر خىل ئالاھىدە فېرمېنت بولۇپ، ئۇ ئېۋكالىپت يوپۇرمىقى تەركىبىدىكى زەهەر ۋە مايىنى پارچىلايدۇ. شۇڭا، كاۋلا هەركۈنى بىر - ئىككى كىلوگرام ئېۋكالىپت يوپۇرمىقى يېسىمۇ ساق - سالامەت ياشاۋېرىدۇ.




ئاۋستىرالىيەلىكلەر شۇ يەردىكى كاۋلالارغا ناهايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ. كاۋلالار ئوزۇق ئىزدەش ئۈچۈن كېسىپ ئۆتىدىغان تاشيولنىڭ يېنىغا، شوپۇرلارنىڭ ئاپتوموبىلنى ئېھتىيات بىلەن هەيدىشى ئۈچۈن ئاگاهلاندۇرۇش تاختىسى ئورنىتىپ قويىدۇ.

كاۋلا دائىم دەرەخنىڭ ئاچىمىقىدا تۇگۇلۇپ يېتىپ ئۇخلىغاندىن باشقا، يەنە دەرەخ ئۇستىدە چوڭ سۇپەت ئولتۇرۇپ ئېۋكالىپت يوپۇرمىقىنى يەيدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن كىشىلەر كاۋلانى ھەييار، ئوماق بولغىنى بىلەن ھۇرۇن ھايۋان دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، كاۋلا كېچىدە ھەرىكەت قىلىپ، كۇندۇزى راسا ئۇخلايدۇ. ئۇ كەچ كىرگەندىن كېيىن دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدا چاققانلىق بىلەن ئۇياق - بۇياققا سەكرەپ يۇرۇپ ئوزۇق ئىزدەيدۇ. كاۋلا يوپۇرماقنىلا يېگەچكە ئۇنىڭ بەدىنىگە ئوزۇقلۇق يېتىشمەيدۇ. شۇڭا، ئۇ ئۇخلاش ئارقىلىق ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىدۇ. ئۇ ھەركۇنى 18 سائەت ئەتراپىدا ئۇخلايدۇ. كاۋلا دەرەخ ئۇستىدە چاققان بولغىنى بىلەن، يەرگە چۇشكەندىن كېيىن تولىمۇ ئېغىر - بېسىق كۆرۇنىدۇ. بىراق ئۇلار خەتەرگە يولۇقسا توشقاندىنمۇ تېز يۇگۇرىدۇ. ئادەمنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى، كۇن بويى دېگۇدەك دەرەخ ئۇستىدە ياشايدىغان بۇ جانىۋار تېخى سۇ ئۇزۇش ماھىرىدۇر.



كاۋلا كەيپىياتى ياخشى بولمىغان چاغلاردا بوۋاقتەك يىغلايدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئىنتايىن مۇلايىم كېلىدۇ، بىراق كىم ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويسا ئۇنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ، ئاشۇ چىشىغا تەگكۇچىنىڭ بىر يېرىنى چىشلەپ ئۇزۇۋالىدۇ.





# سىرلىق ھايۋان — شەپەرەڭ







شەپەرەڭ بىردىنبىر ئۇچالايدىغان سۇت ئەمگۇچى ھايۋان. ئۇنىڭ سانى ھازىرغىچە مەلۇم بولغان بارلىق سۇت ئەمگۇچى ھايۋانلار سانىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. بىراق، شەپەرەڭ ئۆڭكۇر، مۇنار، دەرەخ كامىرى قاتارلىق جايلارنى ماكان قىلىپ، كېچىلىرى ھەرىكەت قىلغاچقا، كىشىلەر ئۇنى سىرلىق ھايۋان دەپ قاراپ كەلگەن. شەپەرەڭلەر قاپقاراڭغۇ مۇھىتتا شەپىسىز ئۇچىدۇ. ئۇلار ئۇچقاندا چىقارغان ئاۋازنى كىچىك بالىلارلا ئاڭلىيالايدۇ. كىشىلەرنىڭ شەپەرەڭنى سىرلىق ھېس قىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئالاھىدە بولغانلىقىدا. شەپەرەڭلەر كۇندۇزى ھەرىكەت قىلىدىغان قۇشلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۇچۇن، كېچىسى ھەرىكەت قىلىپ، كېچىدە ئۇچىدىغان ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. شەپەرەڭ سېكۇنتىغا تۆت قېتىم قىسقا ھەم يۇقىرى چاستوتىلىق ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئەگەر شەپەرەڭ ھاشارات قاتارلىق توسالغۇغا يېقىن ئۇچۇۋاتقان بولسا، بۇ خىل ئۆتكۇر ئاۋازنىڭ ئەكس ساداسى شەپەرەڭنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەپەرەڭ دەرھال سېكۇنتىغا 200 قېتىمدىن ئارتۇق بىر تۇتاش ئۆتكۇر ئاۋاز چىقىرىدۇ. بۇ ئاۋازنىڭ ئەكس ساداسىدىن شەپەرەڭ جىسىم بىلەن بولغان ئارىلىقىنى، جىسىمنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ۋە شەكلىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ياكى يىراقلىشىش كېرەكلىكىنى بىلەلەيدۇ.



شەپەرەك ئۇچقاندا ناھايىتى كۆپ ئېنېرگىيە سەرپ قىلىدۇ. شۇڭا، كۆپ مىقداردا قوڭغۇز، پەرۋانە، پاشا قاتارلىق كېچىسى ھەرىكەتلىنىدىغان ھاشاراتلارنى يېيىشى زۆرۈر، ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى زىياندداش ھاشارات. بەزى ئىسسىق بەلباغ شەپەرەڭلىرى باشقا تۇردىكى شەپەرەك، چاشقان، پاقا، ھەتتا بېلىقتەك كىچىكرەك ھايۋانلارنىمۇ ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. مۆتىدىل رايونلاردىكى باشقا شەپەرەڭلەرگە كەلسەك، ئۇلار گۈل شىرنىسىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى گۈل چېڭى يەتكۈزگۈچى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، مېۋە يەپ باغ- ۋارانلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان شەپەرەڭلەرمۇ بار.

شەپەرەڭنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، 925 خىلغا يېتىدۇ.

شەپەرەڭلەر ھەرىكەت قىل...
تىنچ ھالەتتە تۇرغاندا تېمپېراتۇر...
تۆۋەنلەپ، ئېنېرگىيەسى ساقلىن...
قالىدۇ. يېمەكلىك يېتەرلىك بولم...
پەسىللەردە سوغۇق رايونلاردى...
شەپەرەڭلەر قىشلىق ئۇچەك...
كىرىدۇ. بىراق، ئوزۇقلۇق يېتەرل...
بولغان رايونلارغا كۆچىدىغان...
ساندىكى بەزى تۈرلىرىدۇ بار...

ئۈچ خىل جەنۇبىي ئامېرىكا شەپەرەك يېڭى قاننى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. شۇڭا، قان شورىغۇچى شەپەرەك دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ بىر خىلى چوڭ قۇشلارنىڭ قېنىنى شورايدۇ، قالغان ئىككى خىلى ئۇخلاۋاتقان سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنى ئوۋلايدۇ. بۇ ئادەملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قان شورىغۇچى شەپەرەك ئوۋ تېنىنىڭ تۈك ياكى پەيدەك قوغداش قىسمى بولمىغان يېرىنى تېپىپ چەبدەسلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ. ئوۋلار ھەمىشە سېزەلمەي قالىدۇ. قان شورىغۇچى شەپەرەك ئوتتۇرىدىكى ئىككى تال ئۆتكۈر چىشى ئارقىلىق چىشلەپ قان چىقىرىدۇ. ئۇلار قاننى شورىماستىن يالايدۇ. قان شورىغۇچى شەپەرەڭنىڭ ھەر قېتىملىق قاننى شورىشى كۆپ بولمىسىمۇ، بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇنلىغان قان شورىغۇچى شەپەرەڭلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىدىغان بولسا، ئۇۋى ھايۋانلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە زەخمىلەندۈرىدۇ. ھەممىدىن ئەشەددىي يېرى شۇكى، ئۇلار غالجىر كېسەللىكىنى تارقىتىدۇ. شەپەرەڭلەرنى ئاز ساندىكى قۇشلار ۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنى ئىنسانلار. گەرچە ھازىر بار بولغان شەپەرەڭلەرنىڭ تۈرى ۋە سانى يەنىلا كۆپ بولسىمۇ، بىراق مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى سەۋەبىدىن بىر قىسىم شەپەرەك تۈرلىرىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ.



قان شورىغۇچى
شەپەرەك





# ئەرمەك ھايۋان — مۇشۇك



مۇشۇك نۇرغۇن كىشىلەر ياقتۇرىدىغان ھايۋان، ئۇ چاشقان تۇتۇش ماھىرى بولغاچقا ھەممە ئادەم ئۆيلىرىدە بېقىشنى ياخشى كۆرىدۇ. تەخمىنەن 3500 يىللار ئىلگىرى قەدىمكى مىسىرلىقلار مۇشۇكنى ئائىلىگە كۆندۈرگەن. ھازىر ئۆي مۇشۇكلىرىنىڭ تۈرىمۇ ناھايىتى كۆپ. ئۇلار تاشقى قىياپىتى جەھەتتىنمۇ پەرقلىنىدۇ. بەزى مۇشۇكلەرنىڭ يۈزى كىچىك، مويى يۇمشاق ھەم ئۇزۇن كېلىدۇ. ئايرىم مۇشۇكلەرنىڭ مەسىلەن، سىئام مۇشۇكىنىڭ يۈزى ئۇزۇنراق، پۇتى ھەم بەدىنىمۇ ئۇزۇن، مويى سىلىق ھەم قىسقا كېلىدۇ. يېقىندا يەنە بۇدۇر موينۇق مۇشۇكلەرمۇ، ھەتتا بىر تال مويى يوق مۇشۇكلەرمۇ بايقالدى.

ئۆي مۇشۇكلىرىنىڭ رەڭگى جەھەتتىكى پەرقىمۇ ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قارا، بەزىلىرى كۈل رەڭ، بەزىلىرى ئاق ياكى قوڭۇر رەڭ بولسا، يەنە بەزىلىرى يۇقىرىقى مۇشۇكلەرنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ئىبارەت.



ئاسلان تۇغۇلغاندا ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ، ھېچقانداق قوغدىنىش ئىقتىدارىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، مۇشۇك ئاسلىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇخلىمايدۇ. ئۇ ئۆز تېنى ئارقىلىق ئاسلىنىغا ئىسسىقلىق ئاتا قىلىدۇ. ئاسلاننىڭ قورسىقى ئاچسا ئانىسىنى ئېمىدۇ.









مۈشۈكنىڭ كۆز چاناقلىرى ئىنتايىن چوڭ، كۆز مۇسكۇللىرىنىڭ قىسقىرىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ. نۇرنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھەممە نەرسىنى كۆرەلەيدۇ. مۈشۈكنىڭ كېچىلىرى چاشقان تۇتالىشىدا كۆزىنىڭ رولى بەكمۇ چوڭ. مۈشۈكنىڭ كۆزى بەكمۇ ئالاھىدە بولۇپ، ئۇ ھەرۋاقىت كۆزىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ تۇرالايدۇ.



مۈشۈك ئادەتتە تىرنىقىنى تىرناق غىلىپىغا يىغىۋالىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ تىرنىقى ئۇپراپ كەتمەيدۇ. ئۇلار تىرنىقىنى چىقارماقچى بولغاندا، كۈچلۈك مۇسكۇللىرى ئارقىلىق بارماق ئۇستىخىنىنى تۈز قىلىپ تارتىدۇ ـ دە، تىرنىقى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا تىرناق غىلىپىدىن ئۆزىرىپ چىقىدۇ. ئۇ ئادەتتە تىرنىقىنى يىغىپ يۈرگەچكە ماڭغاندا ھېچقانداق شەپە چىقارمايدۇ.



مۈشۈك ئۆي مۈشۈكى ۋە ياۋا مۈشۈك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئۆي مۈشۈكى ئادەملەر تەرىپىدىن كۆندۈرۈلگەچكە، مۇلايىم، ياۋاش كېلىدۇ. ياۋا مۈشۈك بولسا ناھايىتى ياۋۇز ۋە قەبىھ كېلىدۇ.





# ۋاپادار هايۋان ـ ئىت



ئىت ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن كۆندۈرۈلگەن ھايۋان. ئۇ ئىنسانلارنىڭ دوستى. ھازىر ئادەملەر بار جايدا ئىتمۇ بار. ئىت ئائىلىسىدىكى ھايۋانلارنىڭ بەدەن شەكلى جەھەتتىكى پەرقى باشقا ھايۋانات ئائىلىسىدىكىدىن چوڭ، بەزى ئىتلارنىڭ تۈكى قىسقا، يۇمشاق بولىدۇ. مەسىلەن، گېرمانىيەنىڭ قىسقا تۈكلۈك ئوۋ ئىتلىرىغا ئوخشاش. بەزى ئىتلارنىڭ تۈكلىرى بۇدۇر كەلگەن. مەسىلەن، پىستىگە ئوخشاش. ئافغانىستاننىڭ ئوۋ ئىتلىرىغا ئوخشاش ئۇزۇن تۈكلۈك ئىتلارمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مېكسىكىنىڭ تۈكسىز ئىتلىرىغا ئوخشاش پەقەتلا تۈكى يوق ئىتلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ كۆرۈش، ئاڭلاش، پۇراش سېزىمى ناھايىتى ياخشى، شۇنداقلا فىزىيولوگىيەلىك قۇرۇلما ۋە ھەرىكەت شەكلى ئوخشاش.



بارلىق ئىتلار كۆك بۆرىلەرنى كۆندۈرۈش ئارقىلىق كۆپەيتىلگەن، ئاندىن ئىنسانلار ئۇلارنى چېتىشتۇرۇپ، خىلمۇ خىل ئىتلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن.



ئىتلار ئادەتتە 3~10نى كۈچۈكلەيدۇ. ئادەتتە 10 يىلغىچە ياشايدۇ. بەك چوڭ، بەك كىچىك ئىتلارنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ. ئەڭ ئۇزۇن ياشىغىنى 27 يىل ياشايدۇ. ئائىلە ئىتلىرىنىڭ تۈرىمۇ كۆپ بولۇپ، 100 خىلدىن ئاشىدۇ.













ئىتنىڭ قۇيرۇقىدىن ئۇنىڭ كەيپىياتىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇ قۇيرۇقىنى ئېگىز كۆتۈرگەندە ياكى كۈچەپ شىپاڭشىتقاندا ئۇنىڭ خۇشال ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ؛ قۇيرۇقى پەسكە ساڭگىلاپ قالسا خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى؛ قۇيرۇقىنى پۇتىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇۋالسا ئۇنىڭ قورقۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىتلار ئىنسانلارنىڭ ياخشى ياردەمچىسى ھەم دوستى. ئۇنىڭ پۇراش سېزىمى ئىنسانلارنىڭكىدىن نەچچە مىڭ ھەسسە يۇقىرى بولۇپ، قار - مۇزلارنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان ئادەملەرنى تېپىپ چىقالايدۇ. دېلولارنى پاش قىلىدۇ، ئۆينى، پادىنى باقىدۇ، تەجرىبىگە ئىشلىتىلىدۇ، چانىغا قوشۇلىدۇ. ئىتنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغاچقا، بەزىلەر سوغۇق كۈنلەردە ئۇنىڭدىن ئىسسىنىدۇ.



ئىتنىڭ تىلىدا بىر خىل تەر بېزى بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق بەدىنىدىكى ئىسسىقلىقنى سىرتقا تارقىتىدۇ. ئىت يۈگۈرگەندە ياكى ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەندە تىلىنى ئۇزۇن ساڭگىلىتىۋالىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئۇ ئىسسىپ كەتمەيدۇ.







# ئارقار ۋە تاغ تېكىسى



ئارقار تۇياقلىقلار ئەترىتىنىڭ كاۋاك مۈڭگۈزلۈكلەر ئائىلىسىگە مەنسۇپ، ئېگىز تاغلاردا ھەرىكەت قىلىشقا ئامراق تىپىك تاغ ھايۋىنى. ئۇ ئاساسەن سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئارقارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر كېلىدىغان ناھايىتى چوڭ ھەم توم بىر جۈپ ئەگمەچ مۈڭگۈزى بار. ئۇنىڭ تېنى ئوتتۇرا ھال بولۇپ، بەدىنى ئاساسىي جەھەتتىن قوڭۇر كۈل رەڭ، كۆرۈنۈشى ناھايىتى ھەيۋەتلىك. ئۇلار ئادەتتە توپ بولۇپ ياشايدۇ. كۈندۈزى ھەرىكەت قىلىدۇ، بولۇپمۇ سەھەر ۋە قاش قارايغاندا ھەرىكەتچانلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئاساسلىقى تەڭرىتېغىغا تارقالغان.



ئارقارنىڭ گۆشىنى يېيىشكە، تېرىسىدىن خۇرۇم ئىشلەشكە بولىدۇ

ئارقار ھەققىدە مۇنداق ھېكايە بار: ۋېنتسىيەلىك ماركوپولو پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتكۈچە بۇ ھايۋاننى كۆرۈپ بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالغان. ياۋروپاغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇ ئارقارنى ياۋروپاغا تونۇشتۇرۇپ، ھايۋاناتشۇناسلىق ساھەسىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەن. ئۇلار ئارقارغا «ماركوپولو قويى» دەپ نام بېرىشكەن. كېيىن شىنجاڭغا كەلگەن نۇرغۇن ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيەچىلەر بىر ئارقارنى تۇتۇۋېلىشنى زور شەرەپ دەپ بىلگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ مۈڭگۈزلۈك باش سۆڭىكىنى ئەكەتكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ئارقارنىڭ باش سۆڭىكى ياۋروپالىق بايلارنىڭ ئۆيىگە تىزىپ قويىدىغان قىممەتلىك بۇيۇملىرى قاتارىغا كىرگەن.



تاغ تېكىسى ئۆي ئۆچكىلىرىنىڭ ئەجدادى بولۇپ، ئۇنىڭ جۇغى ئارقارنىڭكىدىن كىچىكرەك. ئۇنىڭمۇ بىر مېتىردىن ئارتۇقراق بىر جۈپ مۈڭگۈزى بار. لېكىن ئارقارنىڭكىدەك بېشىنىڭ ئىككى يېنىدا ئەمەس، بەلكى چوققىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، خۇددى يادەك ئېگىلىپ تۇرىدۇ. تاغ تېكىسىنىڭ ئاڭلاش، پۇراش سەزگۈلىرى بولۇپمۇ كۆرۈش، ئاڭلاش سەزگۈسى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ئۇلار ئېگىز تاغدىكى يايلاقلاردا ياكى تاشلىق جايلاردا توپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. تىك تاغلارغا يامىشىپ چىقالايدۇ. سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر ۋە چاتقاللارنىڭ شاخ - يوپۇرماقلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئاساسلىقى ئالتاي تېغى، تەڭرىتېغى، كۇئېنلۇن تېغى شۇنداقلا پامىر ئېگىزلىكىگە تارقالغان. تاغ ئۆچكىسىنىڭ گۆشىنى يېيىشكە، تېرىسىدىن خۇرۇم ئىشلەشكە بولىدۇ. تاغ ئۆچكىلىرى تاغنىڭ يالغۇز ئاياغ يوللىرىدا رەتلىك تىزىلىپ ماڭىدۇ. تاغ تېكىسىنىڭ ئۆمرى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، 18~ 20 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ.

# دورىلىق هايۋان — بۆكەن

بۆكەنىنىڭ تۆت پۇتى ئۇزۇن ھەم كۈچلۈك، يۈگۈرۈش سۈرئىتى تېز، سەكرەشكە ماھىر بولۇپ، بەدىنى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ. چوڭ بۆكەنىنىڭ مەيلى ئەركىكى ياكى چىشىسى بولسۇن، ئۇنىڭ ئۈچلۈق مۈڭگۈزى بولىدۇ. بۆكەنلەر ئادەتتە كىچىك توپ بولۇپ ئېگىزلىك، جىلغا ۋە سوغۇق جايلاردا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسى، يۇڭى ۋە گۆشىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. بۆكەنىنىڭ يۈگۈرۈش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز. شۇڭا، ئۇ خەۋپ - خەتەرنى سەزگەن ھامان ئۇچقاندەك قاچىدۇ.



بۆكەنىنىڭ گۆشىنى يېيىشكە، سۈتىنى ئىچىشكە، تېرىسىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.



ئەركەك بۆكەنلەر ھەمىشە ماكان تالىشىپ ئۆز ئارا ئۇسۇشىدۇ.









ئەنسىز ئانا بۆكەن بالىسى تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۇنى دەرەخ شاخلىرى ۋە ئوت - چۆپلەر بىلەن يوشۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ ھەر ۋاقىت بالىلىرىنى يوقلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بۆكەن بالىلىرى دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىپ ئاستا- ئاستا چوڭ بولىدۇ. ناۋادا بۆكەن بالىسى خەتەرگە يولۇقۇپ قالسا ئانا بۆكەن رەقىبلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ بالىلىرىنى قوغدايدۇ. ئۇ قاچقان ۋاقىتتا سىرتقى قىياپىتى ئارقىلىق دۈشمەنلىرىنى ئازدۇرىدۇ. ئۇ قۇيرۇقىنى بىر كۆتۈرۈپ، بىر چۈشۈرۈپ توختىماستىن سەكرەپ قاچىدۇ، بۇنداق كۆرۈنۈش رەقىبلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئالا - چەكمەن قىلىۋېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# قەدىمكى مۇھىم قاتناش قورالى — ئات



بىلەمسىز، پويىز ۋە ئاپتوموبىل ئىجاد قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئات ئەڭ مۇھىم قاتناش قورالى ئىدى. كېيىن كىشىلەر ئاتنى شەھەر ۋە يېزىلاردا كۆپلەپ باقتى. ئۇ چاغلاردا ئاتنى ھەممە جايدا كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ شىنجاڭنىڭ ئەڭ قەدىمكى چارۋا بايلىقى.



ئاتنىڭ قۇلىقى ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭ كەيپىياتى ياخشى چاغدا ئاتنىڭ قۇلىقى دىڭگىيىپ تۇرىدۇ. ھارغان چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقى سالپىيىپ كېتىدۇ. قورقۇنچ ھېس قىلغاندا قۇلىقى مىدىرلايدۇ. ئاتنىڭ قۇلىقى قانچە چوڭ بولسا ئاڭلاش سېزىمى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، ئات ئاڭلاش سېزىمىغا تايىنىپ يۆنىلىشنى بەلگىلىيەلەيدۇ. شۇڭا، ئات ئالدى ۋە ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئاپتوموبىللارغا ئۆزلۈكىدىن يول بېرىدۇ. جەڭلەردە ۋىژىلداپ ئۆتۈۋاتقان ئوقلار ئارىسىدىن چېپىپ ئۆتەلەيدۇ.









ئاتنىڭ تىرنىقى بولماستىن بەلكى تۇيىقى بولىدۇ. تۇياقلىق ھايۋانلار چوقۇم ئوتخور ھايۋانلاردۇر.



ئاتنىڭ ئىككى كۆزى بېشىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىككى كۆزى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا بىر نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ. ئىككى كۆزى ئايرىم - ئايرىم كۆرىدۇ.



ئات ئوت - چۆپلەرنى چاينىغاندا ئۈستۈنكى چىشى بارغانچە ئۇپرايدۇ. شۇڭا، ئاتنىڭ چىشىنىڭ ئۇپرىشىغا ئاساسەن ئۇنىڭ يېشىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

ئات ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان ھايۋان بولۇپ ئادەتتە 50 يىل ئەتراپىدا ياشايدۇ.



# ئىشچان هايۋان ــ كالا

كالىنىڭ تېنى ئېگىز، ھەرىكەتلىرى كالانپاي، بىراق ئىش قىلغاندا ناھايىتى بېرىلىپ ئىشلەيدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ يەر تېرىيدۇ، هارۋىغا قاتىدۇ، سۈتىنى ئىچىدۇ، شۇنداقلا سۈتىدىن پايدىلىنىپ ھەرخىل يېمەكلىكلەرنى ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كالىنىڭ گۆشى ناھايىتى مول ئوزۇقلۇق قىممىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ تېرىسىدىن پايدىلىنىپ خۇرۇم ئىشلەشكە بولىدۇ.











ئانىسىنى ئېمىۋاتقان موزاي

كالىنىڭ مۈڭگۈزىنىڭ توم - ئىنچىكىلىكىگە ئاساسەن كالىنىڭ يېشىنى بەلگىلەشكە بولىدۇ. ئىنەك ئادەتتە ئىككى، ئۈچ يېشىدىن باشلاپ موزايلايدۇ. ھەر قېتىم موزايلىغاندا مۈڭگۈزى بىر چەمبىرەك تومىلىشىدۇ. كالىنىڭ يېشىنى مۈڭگۈز كەسمە يۈزىدىكى چەمبىرەكلەرنىڭ سانىغا ئىككى ياكى ئۈچنى قوشۇش ئارقىلىق تەخمىنىي ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ. ئادەتتە بالدۇر يېتىلگەنلەرگە ئىككى يىل، كېچىكىپ يېتىلگەنلەرگە ئۈچ يىل قوشۇلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# يۇۋاش ھايۋان — قوي

قوي بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان ئۆي ھايۋىنى. قوينىڭ ھەممە يېرى گۆھەر. قوينىڭ گۆشىنى شۇنداقلا ئىچكى ئەزالىرىنىمۇ يېيىشكە بولىدۇ. تېرىسىدىن خۇرۇم ئىشلەشكە بولىدۇ، يۇڭىدىن رەخت، گىلەم توقۇلىدۇ، ئۇنىڭ ماياقلىرىدىن ئورگانىك ئوغۇت ئىشلىگىلى بولىدۇ، قوينىڭ سۈتى مول ئوزۇقلۇق قىممىتىگە ئىگە.



قازاق قويى (ساغلىق)



شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى
(نەسىللىك قوشقار)





# سۇقۇشقاق ھايۋان — بېگېموت



بېگېموت چوڭ تىپتىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋان بولۇپ، ئۇ تۇڭدەك بەدىنى، كالتە پۇتلىرى، يوغان ئېغىزى، ئېڭىكىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرىدىغان بىر جۈپ خەنجەردەك چىشلىرى بىلەن ھەر ۋاقىت ئۇرۇشقا تەييار تۇرالايدۇ. ئۇ قورۇقلۇقتا تۇغۇلىدۇ، سۇدا ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ بەدىنى پىلنىڭكىدىن ئازراقلا كىچىك بولۇپ، پىلدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بېگېموت ئۇزاق مۇددەت سۇدىن ئايرىلىپ قالسا تېرىسى يېرىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئوزۇق يېيىش، قورساق كۆتۈرۈش، بالا تۇغۇش، سۈت ئېمىتىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى سۇدا بولىدۇ. ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئۇنىڭ بەدىنىدە تەر بېزى بولمايدۇ. شۇڭا، سۇغا چىلىشىش ئارقىلىق بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەيدۇ. ياز پەسلىدە بېگېموتنىڭ بەدىنىدىن قىزىل رەڭلىك يېپىشقاق ئاجرالما ئاجرىلىپ چىقىدۇ. بۇ ئاجرالما قورۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تېرىسىدە بىر قەۋەت پەردە ھاسىل بولۇپ، ئۇنى كۈن نۇرىنىڭ ئىسسىتىشىدىن ساقلايدۇ.





بېگېموت سۇ ئۈزۈشكە ماھىر بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپىنچە ۋاقتى سۇدا بولىدۇ. سۇدا نەپەس ئالماي ئۇدا 3~5 مىنۇت تۇرالايدۇ. ئۇ كەچتە سۇدىن ئايرىلىپ ئوتلاقلارغا كېلىپ ئوت - چۆپ يەيدۇ. بېگېموت قارىماققا كالانپاي كۆرۈنگىنى بىلەن، قۇرۇقلۇقتا يۈگۈرۈش سۈرئىتى ئادەمنىڭكىدىن تېز بولۇپ، ھۇجۇم قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە.

بېگېموت ئىنتايىن ئۇرۇشقاق ھايۋان . ناۋادا باشقا ھايۋانلار ئۇنىڭ باللىرىغا خەۋپ يەتكۈزسە ياكى ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا ئۇ بار كۈچى بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئادەتتە ۋەھشى تىمساھمۇ بېگېموتنى يېڭەلمەيدۇ. چۈنكى بېگېموتنىڭ چىشى ئۆتكۈر ھەم مۇستەھكەم. يېتىلگەن بىر بېگېموت بىر چوڭ تىمساھنى بىر چىشلەپلا ئىككى پارچە قىلىۋېتەلەيدۇ. تىمساھنىڭ چىشلىرى ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. شۇڭا، بېگېموت ياشايدىغان سۇ رايونىدا تىمساھلار ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ.



بېگېموتنىڭ باللىرى ئانىسىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلالمايدۇ. ناۋادا ئانىسىدىن ئايرىلسىلا ئانا بېگېموت ئۇنى تاكى ئانىسىدىن ئايرىلماسلىققا كۆنگىچە يوغان بۇرنى بىلەن ساۋايدۇ. بېگېموتلار ئادەتتە 10~15 دىن توپلىشىپ ياشايدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئۇلار دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنالايدۇ.





# كۆرۈنۈشى سۈرلۈك قورقۇنچاق ھايۋان ــ كەركىدان



كەركىدان بىر خىل يوغان ھەم كۈچلۈك، تېرىسى قېلىن، بۇرنىنىڭ ئۈستىدە ئۆزگىچە مۈڭگۈزى بار، تۇياقلىق ئوتخور ھايۋان. كەركىدان دېگەن بۇ ئىسىم گىرېكچە « ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك بۇرۇن » دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. كەركىداننىڭ تۈرى بەش خىل بولۇپ، ئۇلار ئافرىقا ئاق ۋە قارا كەركىدانى، ئاسىيا سۇمانتالا كەركىدانى، ھىندىستان كەركىدانى، گاۋا كەركىدانى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كۆپلىگەن كەركىدانلار يەككە ھەرىكەت قىلىدۇ.



كەركىداننىڭ بېشى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن، بېشىدا بىر ياكى ئىككىدىن مۈڭگۈزى بولىدۇ. كەركىداننىڭ مۈڭگۈزى قاتتىق ھەم ئۆتكۈر بولۇپ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈنلا مۇھىم بولۇپ قالماي، ئىنسانلار ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنىڭ مۈڭگۈزىدىن ھەرخىل ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلىگىلى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ دورىلىق قىممىتىمۇ يۇقىرى.

كۆپىنچە كەركىدانلار تۈكسىز بولۇپ، تېرىسى قوپال، يىرىك ۋە قېلىن بولىدۇ. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى سۇمانتالا كەركىدانى دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك كەركىدان بولۇپ، ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ باشقا كەركىدانلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى، كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭ بەدىنى تۈكلۈك بولىدۇ.

كەركىدان يوپۇرماق ، مېۋە ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ.



كەركىدانىنىڭ تېنى چوڭ ھەم كېلەڭسىز بولغىنى بىلەن، ئۇ ناھايىتى قورقۇنچاق، زىيانسىز ھايۋان. ئادەملەرنى زەخىملەندۈرمەيدۇ. ئادەتتە ئۇ مۆكۈنۈپ يۈرۈشكە رازىكى، ئالدىراپ رەقىبلىرىگە ھۇجۇم قىلمايدۇ.

ئەركەك كەركىدانلار ئادەتتە ئۆز تەۋەلىكىنى، ئوزۇقىنى، سۇ مەنبەسىنى، شۇنداقلا چىشى كەركىدانلارنى قوغدايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماياقلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ چېگراسىنى بەلگىلەيدۇ.







# كۈچلۈك ھايۋان — سۇ كالىسى



ئاسىيا سۇ كالىسى كۆندۈرۈلگەن كالا بولۇپ، شال ئېتىزلىرىنى ئاغدۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ. بىراق يەنە بىر قىسىم سۇ كالىلىرى مالايشىيا، تايلاند ۋە ھىندىستاننىڭ سازلىقلىرىدا ياشايدۇ. ئۇلار كەچلىرى چىقىپ ئوت - چۆپ يەيدۇ، كۈندە ئەتىگەن ۋە كەچتە سۇ ئىچىدۇ. كۈندۈزلىرى تومۇز ئىسسىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن دەرەخ سايىسىدە ئارام ئالىدۇ. بۇ ياۋا كالىلار بەكمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ھەمىشە يولۋاس ۋە باشقا يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈرەلەيدۇ.



تومۇز ئىسسىق كۈنلىرى سۇ كالىلىرىنىڭ بۇرنىدا تەر تامچىلىرى تەپچىرەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئىسسىقلىقنى تارقىتىپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشىگىنى ھېسابلىنىدۇ.

# شىمالىي قۇتۇپتىكى ئەڭ چوڭ ئوتخور هايۋان — ئىپار كالا



ئىپار كالىنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن ئىپار پۇرىقى تارقىلىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن « ئىپار كالا» دەپ ئاتالغان. ئۇ سۈت ئەمگۈچى هايۋان بولۇپ، شىمالىي قۇتۇپتىكى ئەڭ چوڭ ئوتخور هايۋان هېسابلىنىدۇ. ئىپار كالىسىنىڭ تۈكلىرى ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ، ئۇزۇن تۈكلىرىنىڭ ئاستىدا يەنە بىر قەۋەت قېلىن تىۋىتى بولىدۇ، هەتتا ئۇنىڭ قۇلاقلىرىمۇ قويۇق تۈكلەر بىلەن قاپلانغان.

يەر شارىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپى دۇنيادىكى ئەڭ سوغۇق رايونلاردۇر. بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ ياشىشى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن بەزى سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار بۇ سوغۇق جايلارنى ئۆزىنىڭ گۈزەل ماكانىغا ئايلاندۇرغان. ئىپار كالىسىنىڭ تۇيىقى چوڭ هەم مەزمۇت بولۇپ، مۇزلۇقلاردا مېڭىشقا ۋە يامىشىشقا ماسلاشقان.

ئىپاركالىسى « ئىپار كالا» دەپ ئاتالغىنى بىلەن، ئۇنىڭ كالىلار بىلەن هېچقانداق قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولماستىن، بەلكى قوي ۋە ئۆچكىلەر بىلەن يېقىن تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بار.







# ئانتېنناسى بار هايۋان — سىلەيسۇن





سىلەيسۇن ( لېنكىس مۈشۈكى ) نىڭ تەن شەكلى ئۆي مۈشۈكىنىڭكىدىن سەل چوڭراق، پۇتلىرى ئۇزۇن هەم كۈچلۈك، قۇلىقىنىڭ ئۇچىدا تىك ئۆسكەن تۈكلەر بولىدۇ، قۇيرۇقى قىسقا هەم كىچىك، تەبىئىتى هىيلىگەر. ئۇ ئوتخور هايۋان ۋە قۇشلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. سىلەيسۇن ئورمان هايۋىنى بولۇپ، يالغۇز هەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

سىلەيسۇننىڭ ئەڭ چوڭ ئالاهىدىلىكى، ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ ئۇچىدا تىك ئۆسكەن تۈكلەر بار، بۇ تۈكلەرنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، سىگنال قوبۇللىغۇچ ئانتېنناغا ئوخشاش ئۇنىڭغا ئاۋازنىڭ قايسى تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.



سىلەيسۇن قارىماققا مۈشۈككىلا ئوخشايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ مۈشۈكتىن چوڭ بولۇپ، ئارقا پۇتى ئالدى پۇتىدىن ئۇزۇن. ئۇ ناهايىتى قەبىھ، هەرىكەتلىرى چەبدەس هايۋان.

www.uyghurkitap.com



# زىرائەت مۇھاپىزەتچىسى — پاقا



پاقا تىپىك قوش ماكانلىق هايۋان. ئۇ سۇدا ئۈزەلەيدۇ، شۇنداقلا قۇرۇقلۇقتىمۇ ياشىيالايدۇ. ئۇ زىيانداش هاشاراتلارنىڭ كۇشەندىسى. شۇڭا، ئۇنىڭ «ئېتىزلىقنىڭ قوغدىغۇچىسى» دېگەن نامىمۇ بار. پاقا ئىنسانلارغا ئىنتايىن پايدىلىق هايۋان. ئۇنىڭ دورىلىق قىممىتىمۇ يۇقىرى، تۇرىمۇ كۆپ.

پاقىنىڭ تېرىسى سىلىق ۋە نەم كېلىدۇ. ئۇنىڭ پۇتلىرى سەكرەشكە ماهىر.

دەرەخ پاقىسىنىڭ تېرىسى ئىنتايىن ئوچۇق رەڭلىك بولۇپ، ئادەتتىكى پاقىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ ئادەتتىكى پاقىلاردەك سۇ بويلىرىدا ياشىماستىن، بەلكى دەرەخلەرگە يامىشىپ ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى دەرەختە ئۆتىدۇ. دەرەخ پاقىسى نىقابلىنىش ئۈچۈن پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ رەڭ ئۆزگەرتىدۇ. ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە يېشىل رەڭگە كىرىپ ئەتراپتىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ رەڭگىگە ماسلىشىدۇ. كۈز كېلىشى بىلەنلا بارغانچە ئۆزگىرىپ قۇرۇغان شاخ ۋە غازاڭ رەڭگىگە كىرىدۇ.











زەهەرلىك ئوق پاقا پاقىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ تېنى ئىنتايىن كىچىك كېلىدۇ. ئۇنىڭ پۇتىدا ئېھتىمال ئىككى بارمىقى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ تېرىسىدە ئوچۇق ھەم رەڭدار بولغان گۈللۈك چېكىتلەر بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق. لېكىن ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى زەهەرلىك سۇيۇقلۇق ھەرقانداق هايۋاننىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

پاقا قۇرۇقلۇقتا چىققان ۋاقتىدا ئارقا پۇتىنى «Z» شەكلىگە كەلتۈرۈپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ بارلىق كۈچىنى ئارقا پۇتىغا يىغىپ پۇتىنى تۈزلىگەندە ئالدىغا سەكرىيەلەيدۇ.





قىش كېلىشى بىلەنلا قوش ماكانلىق هايۋانلار لاتىقنىڭ ئاستىدا ياكى ئورەكلەردە قىشلىق ئۇچەككە كىرىدۇ. بەزى قۇرغاق يەرلەردىكى پاقىلار بولسا يازدا ئۇچەككە كىرىپ نەم بولغان يامغۇر پەسلىنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ.

策　　划：海米旦·塞达力木
责任编辑：米娜瓦尔·霍加
责任校对：努丽曼·卡德尔
封面和版式设计：海米旦·塞达力木

《快乐宝宝》系列读物
动物世界 （维吾尔文）
海米旦·塞达力木
沙克尔江·扎克尔　编

新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　新疆华龙印务有限责任公司印刷
880mm×1230mm　24开本　3 1/3 印张
2010年6月第1版　2010年6月第1次印刷
印数：1—3000册

ISBN 978-7-5466-0265-3(民文)　定价：10.00元





# قوش ماكانلىق ھايۋان ــ سەمەندەر

سەمەندەر قۇيرۇقى ھەم پۇتى بىر قوش ماكانلىق ھايۋان. ئۇنىڭ تېنى سىلىندىرسىمان بولۇپ، پۇتلىرى قىسقا، تېرىسى يىرىك. سىرتقى كۆرۈنۈشى كەسلەنچۈككە ئوخشاپ كېتىدۇ. سەمەندەر نەم مۇھىتتا ياشايدۇ. ئۇلار بەزىدە ئېقىنلاردىن قۇرۇقلۇققا چىقىپ ھەرىكەت قىلىسمۇ، لېكىن سۇدىن يىراقلاپ كەتمەيدۇ. سەمەندەرنىڭ ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھەرە چىشىغا ئوخشاش قاپارتمىسى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئوزۇق ئىزدىگەندە ئولجىسىنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بالا سەمەندەرلەر ئادەتتە قوۋۇزى ئارقىلىق نەپەسلىنىدۇ. ئۇلار چوڭ بولغاندىن كېيىن قوۋۇزى چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆپكىسى ۋە تېرىسى ئارقىلىق سۇ يۈزىدە نەپەسلىنىشكە ئادەتلىنىدۇ. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، بەزى سەمەندەرلەرنىڭ ئۆپكىسى بولمايدۇ. سەمەندەرنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ئاساسلىقى پۇراش سەزگۈسىگە تايىنىپ ئوزۇق ئىزدەيدۇ. ئۇلار سازاڭ، يۇمشاق تەنلىك ھايۋان، قومچاق، پاقا، بېلىجان، سۇ بۈرگىسى قاتارلىقلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ.

قىزىل سەمەندەرنىڭ ئۆپكىسى بولمايدۇ. پەقەت تېرىسى ۋە ئېغىزىدىكى شىلىمشىقلار ئارقىلىق نەپەسلىنىدۇ. يېتىلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ رەڭگى بارغانچە سۇسلىشىپ قىزىل، قارا ئارىلاشقان ھالەتكە كېلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: خەمدە سەئىدئالىم




ISBN 978-7-5466-0265-3

9 787546 602653 >

定价:10.00 元

